## پەتھى يەكەن

# مۇسۇلمانلىقىم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

# مۇسۇلمانلىقىم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرراھمان

تەھرىرى: مۆمىنجان سىدىق

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................ 5
**بىرىنچى بۆلۈم**........................................................ 11
بىرىنچى بۆلۈمنىڭ كىرىش سۆزى ........................................ 13
بىرىنچى، ئەقىدەمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك.............................. 15
ئىككىنچى، ئىبادىتىمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك .......................... 29
ئۈچىنچى، ئەخلاقىمدا مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك.............................. 41
تۆتىنچى، ئائىلەمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك ................................ 59
بەشىنچى، نەپسى خاھىشىمنى يېڭىشىم كېرەك ................................. 69
ئالتىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى پارلاق ئىكەنلىكىگە چىن
دىلىمدىن ئىشىنىشىم كېرەك.................................................. 83
يەتتىنچى، ئىنسانلار ئۆزلىرى تۈزىۋالغان قانۇن-نىزاملارنىڭ يېتەرسىز ۋە
نۇقسانلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك.................................. 87
**ئىككىنچى بۆلۈم**........................................................ 91
ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ كىرىش سۆزى....................................... 93
بىرىنچى، ئىسلام ئۈچۈن ياشىشىم كېرەك .................................. 95
قانداق ياشىسام ئىسلام ئۈچۈن ياشىغان بولىمەن؟ ................ 101
ئىسلام ئۈچۈن ياشايدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى.......................... 106

ئىككىنچى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك ........................................ 111
ئۈچىنچى، ئىسلام ھەرىكىتى؛ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەييارلىقلىرى ........................................ 127
ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت........................................ 138
تۆتىنچى، ئىسلامىي خىزمەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ياخشى چۈشىنىشىم كېرەك........................................ 157
بەشىنچى، ئىسلامىي ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشنىڭ نەقەدەر قىيىن مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىم كېرەك ................ 163
ئالتىنچى، ئىسلامىي خىزمەتنىڭ نۇقتىلىق پرىنسىپلىرىنى ياخشى بىلىشىم كېرەك........................................ 177
يەتتىنچى، بەيئەت قىلىش ۋە ئەزا بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئىگەللىشىم كېرەك ........................................ 193
روھىي باغلىنىش رىشتىسى ........................................ 217

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر. چەكسىز رەھمەت، مەغپىرەت، دۇرۇد ۋە سالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن!

قولۇڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىككى بۆلۈم بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەربىر كىشىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تېپىلىشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. شۇنداقلا، ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ ھەربىر كىشىدە تولۇق تېپىلىشى كېرەك بولغان شەرتلەرنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

نۇرغۇن ئىنسانلار يا كىملىكى سەۋەبىدىن مۇسۇلمان، يا مۇسۇلمان ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنلا مۇسۇلماندۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارمۇ، بۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقلىرىنىڭ نېمىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بايقىمايدۇ، بۇ دىنغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۆزلىرىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر ۋادىدا، ئىسلامنىڭ باشقا بىر ۋادىدا ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدىن مەقسەت، مانا مۇشۇنداق سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەربىر مۇسۇلماندىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا توغرا ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە مەنسۇپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالايدۇ.

﴿هُوَ اجْتَبَاكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ مِّلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَاهِيمَ هُوَ سَمَّاكُمُ الْمُسْلِمِينَ مِن قَبْلُ وَفِي هَذَا لِيَكُونَ الرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ فَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَاعْتَصِمُوا بِاللَّهِ هُوَ مَوْلَاكُمْ فَنِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾ ﴿الله (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (الله) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللهقا يېپىشىڭلار، الله سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾[1]

كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى بولسا، ئىسلام ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ۋە ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى، غايىلىرى، ۋاسىتىلىرى، پەلسەپەسى، بەرپا قىلىش ئۇسۇلى، شۇنداقلا، بۇ ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولغانلاردا تېپىلىشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ھەققىدە توختىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئەرەپ ئالىمىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ناھايىتى چوڭ بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام ئۈممىتى ھاياتىنىڭ ھەر ساھەلىرىدە چەكسىز بىر بوشلۇق ئىچىدە ياشىماقتا.

[1] سۈرە ھەج، 78 – ئايەت.

ئۆتكەن ئەسىردە، ئىسلام ئۈممىتى ناھايىتى قىيىن كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ كۈنلەردىكى مەۋجۇت قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلارنىڭ كۆپۈنچىسى ۋەيران بولدى، يىقىلدى. نەتىجىدە نۇرغۇن ھەرىكەت ۋە داھىيلارنىڭ ئەپتە-بەشىرىسى ئاشكارىلاندى. بۇ قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار ئاشۇ ئەسىرنىڭ تۈرلۈك رىقابەتلىرىگە قارشى بىر لىنىيەگە قويۇلغان بولغاچقا ئاسانلا يىقىلىپ چۈشتى. چۈنكى ئۇلار مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئامىللىرىغا ئەسلىدىنلا ئىگە ئەمەس ئىدى.

شۇنداق، ئۇلار يىقىلىپ چۈشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ شوئارلىرى ساختا، ئىچى بوش، قىممىتى يوق قۇرۇق سەپسەتىلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغان، بۇ ئۈممەتنىڭ سالاھىيىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرمىگەن، خۇددى چەتئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان بۇيۇملارغا ئوخشاش ئىمپورت قىلىنغان ياسالما قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار ئىدى.

شۇڭا، بۇ قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى، ئەپتى – بەشىرىسى تېزلا ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى ئۇلارنى رەت قىلدى، چۈنكى ئۇلار خەلققە يات ئىدى، خەلقنىڭ ئەقىدە - پرىنسىپلىرى بىلەن چىقىشالمايتتى.

بۇ قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار ئىنسان جىسمىغا سېلىنغان سۈنئى بۆرەك ياكى سۈنئى يۈرەككە ئوخشايتتى. ئىنسان بەدىنى ئۇلارنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى جاپالىق ۋە ئەلەملىك قىسقا بىر مۇددەت ئۈچۈنلا قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇزاققا بارمايلا، بۇ بەدەن ئاجىزلايدۇ ۋە ئۆلۈم رىئاللىشىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇنداق پاجىئەلىك ئىش ئەمەلىي يۈز بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپتىن كېسەل چىرمىۋالغان ئاجىز گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ ھوشىغا كەلگەن كۈنى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، توغرا دەپ قارىغان ياسالما قانۇن-تۈزۈم ۋە

پرىنسىپلارنى ئىمپورت قىلىشقا ئالدىرىدى. ھالبۇكى، بۇ قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار قالايمىقانچىلىق چىقىرىش، پىتنە – پاسات تېرىش، بۇزۇش، ۋەيران قىلىش، يوق قىلىش ۋە ھالاك قىلىش ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە يوشۇرغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە غەرب مەدەنىيىتى ۋە كاپىتالىست پىكىرلەرنىڭ ئۇرۇقى ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدە بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئېغىر راك كېسىلى قاپلىدى. بۇ راك كېسەل ئىسلام ئۇممىتىنىڭ كىملىكىنى بۇزۇشقا، ئوخشىمىغان غەلىتە پىكىرلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرىشىگە ۋە ئەخلاقىي قىممەت قارىشىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئاخىرىدا، ئىسلام دۇنياسىنى 1948 - يىلىدىكى (پەلەستىن) مەغلۇبىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ باردى.

ئىسلام ئۇممىتى مانا موشۇنداق ئېغىر كۈنلەرنى، ئاچچىق تەجرىبىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، يەنىلا قۇرۇق ھېسسىياتىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ساختا شوئارلار ۋە تاشقى كۆرۈنۈشلەرگە ئالدىنىپ قېلىۋەردى. بۇ ئىللەتلەر ئىسلام ئۇممىتىنى بىر - بىرىگە ئەگىشىپ كەلگەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى... قېتىملىق مەغلۇبىيەتلەرنىمۇ ئىچىگە سىڭدۈرەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ چاغدا، ئەينى زاماندا ئىمپورت قىلىنغان تەرەققىيپەرۋەر، ئىنقىلابىي ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈملەر ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. ھەتتا ئۇلارغا بولغان سەمىمىي دوستانىلىقىمۇ ئىسلام ئۇممىتىگە كېلىدىغان زىيان - زەخمەتنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى.

1948 - يىلىدىكى مەغلۇبىيەت ئىمپېرىئالىست غەرب يالاقچىلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان بولسا، 1967 - يىلىدىكى مەغلۇبىيەت

پرولېتارىياتچى سوتسىيالىستىك شەرق ئەللىرى غالچىلىقىنىڭ مەھسۇلى بولدى.

ئىسلام ئۈممىتى بۇ ئېچىنىشلىق ھادىسىلەر ۋە ئېغىر سىناقلاردىن قاتتىق غەم باسقان، ئېغىر يارىلانغان ھالدا چىقتى. ئۈمىد باغلىغان تەرەپلەردىن نائۈمىد قايتتى. رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يېتەكچىلەر، قوماندانلار، گۇرۇپ ۋە پارتىيەلەردىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

سىزچە، ئىسلام ئۈممىتى ئاشۇ تارىختىن كېيىن ئۇيقۇسىدىن ئويغاندىمۇ؟

بۇ توقۇنۇشلار ۋە ئاچچىق ساۋاقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىن ھوشىغا كېلەلىدىمۇ؟

خەلقئارادىكى چوڭ كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۈممەتكە قارشى بىر سەپ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلىدىمۇ؟

ئەجەبا، ئىسلام ئۈممىتى غەربنىڭمۇ، شەرقنىڭمۇ، ئوڭچىنىڭمۇ، سولچىنىڭمۇ ئىسلامنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، ئىسلامنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ زاۋاللىقىغا يۈزلىنىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى بايقىيالىدىمۇ؟

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەيلى ئۇ تەرەپكە، مەيلى بۇ تەرەپكە يۈزلىنىشتىن باشقا چارە تاپالماسلىقى گۇمراھلىق ئۈستىگە گۇمراھلىقتۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ ئوڭچى بولمىسا سولچى بولۇشقا، كوممۇنىست بولمىسا كاپىتالىست بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋالدۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىنلا ئۇلى بار، ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ ياتمايدىغان مۇستەقىل ۋە ئالاھىدە بىر كىملىكىنىڭ بارلىقىنى، بۇ كىملىكنىڭ تولىمۇ دىن بولغان ئىسلام دىنىغا تايىنىدىغانلىقىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى چوقۇم بايقىشى لازىم. بۇ ئۈممەت مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن

پۈتۈن دۇنياغا پىكرىــي ۋە سىياســي جەھەتــتىن يېتەكچىلىــك قىلىشــى كېرەك.

ئىســلام ئــۈممىتى يۈقىرىــدا تىلغــا ئېلىنغــان ھەر ســاھەدىكى بــۇ بوشــلۇقنى ئامېرىكىنىــڭ ئاقســاراي پــلان - لايىھەلــرى، رۇســيەنىڭ كرېملىن پلان – لايىھەلىرى، ماركس ۋە لېنىن نەزىرىيەلــرى، گىيفــارا ۋە خوچىمىنلەرنىڭ پەلســەپەلىرىدىن ھېچبىرىنىــڭ تولدۇرالمايــدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشى لازىم.

بۇ بوشلۇقنى مەيلى ئەقىدە ۋە پرىنسىپ جەھەتتە بولسۇن، مەيلــى ئەخلاق ۋە قانۇن – تۈزۈم جەھەتتە بولسۇن، ئىسلامدىن باشــقا ھېچبىــر ئامىل تولدۇرالمايدۇ. مانا بۇ، ئىسلام ھەركىتىگە ھەل قىلغۇچ ۋە تارىخىي بىــر مەســئۇلىيەتنى يۈكلەيــدۇ. بــۇ مەســئۇلىيەت ھەقىقــي ئىمــان ۋە كەسكىن ئىرادىنى تەلەپ قىلىــدۇ. ئۇنــداقتا، ئىســلام دەۋەتچىلــرى ئــۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يېتەلىدىمۇ؟

ئەبۇ بىلال پەتھى يەكەن

# بىرىنچى بۆلۈم

## مۇسۇلمانلىقىم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

بىرىنچى بۆلۈمنىڭ كىرىش سۆزى

بىرىنچى، ئەقىدەمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك.

ئىككىنچى، ئىبادىتىمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەخلاقىمدا مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك.

تۆتىنچى، ئائىلەمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك.

بەشىنچى، نەپسى خاھىشىمنى يېڭىشىم كېرەك.

ئالتىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى پارلاق ئىكەنلىكىگە چىن دىلىمدىن ئىشىنىشىم كېرەك.

يەتتىنچى، ئىنسانلار ئۆزلىرى تۈزىۋالغان قانۇن-نىزاملارنىڭ يېتەرسىز ۋە نۇقسانلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك.

# بىرىنچى بۆلۈمنىڭ كىرىش سۆزى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىگە: «مۇسۇلمانلىقىم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟» ناملىق تېما باش ماۋزۇ قىلىنغان بولۇپ، كىتابنىڭ بۇ بۆلۈمى ئىنساننىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تولۇق تېپىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىسلام دىنىغا تاشقى كۆرۈنۈش بىلەن مەنسۇپ بولغىلى بولمىغىنىدەك، مىراس ياكى كىملىك ئارقىلىقمۇ مەنسۇپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇ پەقەت ئىسلامىي پرىنسىپلارغا چىڭ ئېسىلىش، ئىسلامىي ياشاش ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئىسلامنىڭ تەلىماتلىرىغا كۆرە ھەرىكەت قىلىش بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ.

بىز تۆۋەندە بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دىنىغا توغرا ۋە راستچىل ھالدا مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تولۇق تېپىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

﴿**هُوَ سَمَّاكُمُ الْمُسْلِمينَ مِن قَبْلُ وَفِي هَذَا لِيَكُونَ الرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ**﴾ ﴿الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (الله) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)﴾[1].

---

[1] سۈرە ھەج، 78 – ئايەت.

# بىرىنچى، ئەقىدەمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك

ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولۇش ۋە بۇ دىنغا باغلىنىشنىڭ بىرىنچى شەرتى شۇكى، مۇسۇلمان كىشى ئالدى بىلەن ھەم توغرا ھەم ساغلام ئەقىدىگە ساھىب بولۇشى، ئەقىدىسى الله تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ۋە سەلەف - سالىھلار ئىمان كەلتۈرگەن نەرسىگە، شۇنداقلا، ياخشىلىقتا، تەقۋادارلىقتا ۋە الله تائالانىڭ دىنىنى توغرا چۈشىنىشتە ھەممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن دىن ئىماملىرى ئىمان كەلتۈرگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرۈشى كېرەك.

**ئەقىدەمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشىم ۋاجىپ بولىدۇ:**

**1-** ئالدى بىلەن كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممە نەرسىگە قادىر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشۈم كېرەك. كائىناتنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق، پۇختا، بىر - بىرىگە ماس يارىتىلغانلىقى ۋە پىلانېتالارنىڭ سىستېمىلىق ھەرىكەتلىرى ئۇنى تېزگىنلەپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ۋە ھەممىگە قادىر بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق بىر كۈچكە ئىگە بىر ئىلاھ بولمايدىغان بولسا، بۇ كائىناتنىڭ مەجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا داۋام قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

﴿ئەگەر ئاسمان – زېمىندا اللهتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى،

(كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلـۋەتتە بـۇزۇلاتتى، ئەرشـنىڭ پەرۋەردىگـارى اﷲ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾[1].

2- اﷲ تائالانىــــڭ بــــۇ كائىنــــاتنى مەقسەتســــىز ۋە بىهــــۇدە ياراقمىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشۈم كېرەك. چۈنكى كامالى سۈپەتكە ئىگە زات اﷲ تائالانىڭ ياراتقان نەرسىلەرنى مەقسەتسىز ۋە بىهـۇدە يارىتىشـى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىكى مەقسـىتىنى تەپسىلىي هالدا چۈشىنىش پەقەتلا پەيغەمبەر ۋە ۋەهيى ئاقلىق مۇمكىن بولىدۇ.

﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ﴾ ﴿ئـى ئىنسـانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنــى هايۋانــاتلارنى ياراتقىنىمىزدەك هېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جـازامۇ بەرمەيـدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئـۆزۈڭلارنى بىزنىــڭ دەرگاهىمىزغـا قايتۇرۇلمايـدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟﴾[2]

3- اﷲ تائالانىڭ ئۆزىنى ئىنسانلارغا تونۇتۇش، شـۇنداقلا، ئـۇلارنى يارىتىشتىكى غايىسىنى، ئۇلارنىــڭ نېمىشــقا يارىتىلغــانلىقىنى، ئــاخىرى قايتىــدىغان جايلىرىنىــڭ قەيەر ئىكەنلىكىنــى چۈشــەندۈرۈش ئۈچــۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە ۋە كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىغا ئىمـان كەلتۈرۈشۈم كېرەك. ئەنە شـۇ ئۇلـۇغ پەيغەمبەرلەرنىــڭ ئەڭ ئاخىرقىسـى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام بولۇپ، جانـابى اﷲ ئـۇنى مەڭگۈلـۈك مـۆجىزە قۇرئان كەرىم بىلەن قۇۋۋەتلەندۈردى.

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ فَمِنْهُم مَّنْ هَدَى اللّهُ وَمِنْهُم مَّنْ حَقَّتْ عَلَيْهِ الضَّلالَةُ فَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَانظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ﴾ ﴿بىز هەقىقەتەن هەربىر ئۇممەتكە: «اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار،

[1] سۈرە ئەنبىيا، 22 – ئايەت.

[2] سۈرە مۇئمىنۇن، 115 - ئايەت.

شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار﴾[1] .

4- ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئەسلى غايىسى اللەنى ئۇ ئۆزى سۆيەتلىگەن رەۋىشتە تونۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشۈم كېرەك.

﴿**وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ**﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. اللە ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[2] .

5- ئىتائەتكار مۇئمىنىنىڭ مۇكاپاتى جەننەت، ئاسىيلىق قىلغۇچى كاپىرنىڭ جازاسى دوزاخ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشۈم كېرەك.

﴿**فَرِيقٌ فِي الْجَنَّةِ وَفَرِيقٌ فِي السَّعِيرِ**﴾ ﴿بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ﴾[3] .

6- ئىنساننىڭ ياخشى - يامان ئەمەللەرنى ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشۈم كېرەك. لېكىن ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنى پەقەت اللەنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە ياردىمى

---

[1] سۈرە نەھل، 36 – ئايەت.

[2] سۈرە زارىيات، 56 – ئايەتتىن 58 – ئايەتكىچە.

[3] سۈرە شۇرا، 7 – ئايەت.

بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئەمما يامان ئەمەللەرنى اللهنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ ئىزنى ۋە خالىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾ ﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾[1]؛ ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾ ﴿ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر﴾[2].

7- شەرىئەت ۋە قانۇن بەلگىلەش پەقەت يېگانە اللهنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشۈم كېرەك. موسۇلمان ئالىملار بەزى ھۆكۈملەرنى پەقەت الله بەلگىلىگەن بەلگىلىمىلەرنىڭ چەك - چېگرىسى ئىچىدە يەكۈنلەپ چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىجتىھاد قىلالايدۇ.

﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِن شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبِّي عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ﴾ ﴿سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ئەنە شۇ الله مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) اللهقا مۇراجىئەت قىلىمەن﴾[3].

8- الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق سۈپەتلىرىنى بىلىشىم كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللهنىڭ 99 (بىرى كەم 100) ئىسمى بار. كىمكى ئۇ

[1] سۈرە شەمس، 7 - ئايەتتىن 10 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە مۇددەسسىر، 38 – ئايەت.

[3] سۈرە شۇرا، 10 – ئايەت.

ئىسـىـملارنى يادلىسـا، جەنــنەتكە كىرىــدۇ. الله تــاقتۇر، تــاقنى ياخشــى كۆرىدۇ»[1].

9- پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالامنىڭ: «اللهنىـــڭ مەخلۇقــاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئۇنىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككـۇر قىلمـاڭلار. چۈنكى سىلەر ئۇنىــڭ قەدرىنــى ھەقىقــي رەۋىشــتە تونۇيالمايســىلەر»[2] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، اللهنىڭ زاتى ھەققىدە ئەمەس، پەقەت ئۇنىــڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشىم كېرەك.

10- الله تائالانىــڭ ســۈپەتلىرىگە كەلســەك، قۇرئــان كەرىمنىــڭ نۇرغــۇن ئــايەتلىرى ئۇنىڭغــا ئىشــارەت قىلغــان بولــۇپ، الله تائالانىــڭ مۇكەممەل بىر ئىلاھ بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەســىلەن، قۇرئــان كەرىمــدىكى بەزى ئايەتلەر الله تائالانىڭ بارلىقىنى كۆرسەتســە، يەنە بەزى ئــايەتلەر ئۇنىــڭ ئەزەلىي ۋە قەدىمىي (يەنى قەدىمدىن تارتىپ بــار بولغــان)دىن ئىبــارەت ئىككــى ســۈپىتىنى كۆرســىتىدۇ؛ بەزى ئــايەتلەر مەخلۇقاتلارنىــڭ پەيــدا بولۇش شەكلىگە الله تائالانىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بالا بولــۇش، ئاتا بولۇش، ئوخشاپ قېلىش ۋە تەگدىشــى بولــۇش قاتــارلىقلاردىن پــاك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزى ئايەتلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئــىدارە قىلىــدىغانلىقىنى، مەخلۇقاتلىرىــدىن بىهــاجەت ئىكەنلىكنــى، ھەمــمە ئۇنىڭغــا موھتــاج ئىكەنلىكنــى كۆرســىتىدۇ؛ بەزى ئــايەتلەر ئۇنىـــڭ زاتــىدىكى، ســۈپەتلىرىدىكى، پىئىللىرىــدىكى ۋە تەســەررۇپلىرىدىكى بىرلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزى ئايەتلەر ئۇنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىــك ۋە ناھايىتى بۈيۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزى ئايەتلەر ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ ناھــايىتى كەڭ ئىكەنلىكىنــى، ھەممىنــى ئــوراپ تۇرىــدىغانلىقىنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ نەئىم «ھىلىيە» ناملىق ئەسىرىدە، ئىسپاھانى (تەرغىب ۋە تەرھىب) ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان.

كۆرسەتسە، يەنە بەزى ئايەتلەر ئۇنىڭ شەيئىلەرنى ئىرادە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزى ئايەتلەر ئۇنىڭ ھەممىشە تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزى ئايەتلەر ئۇنىڭ كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ نىھايەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىنسان ئەقلىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه پۈتۈن كەمچىللىكلەردىن پاكتۇركى، بىز ئۇنىڭغا قانچىلىك ھەمدۇسانا ئېيتساقمۇ، يەنىلا ئۇ ئۆزىگە ھەمدۇسانا ئېيتقاندەك ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولالمايمىز[1].

11. ئەقىدىگە ئالاقىدار دەلىللەرنى بۇرمىلاش ۋە ئۇنى ئىناۋەتسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك بىمەنىلىكلەردىن قەتئىي ساقلىنىپ، بۇ دەلىللەرنىڭ ھەقىقىي مەنىلىرىنى اللّٰهقا تاپشۇرغان ھالدا، سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ (يەنى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۆلىمالارنىڭ) بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىغا ئەگىشىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشىم، شۇنداقلا، كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ بۇ دەلىللەرنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشلىرى ئۇلارنى كاپىر ياكى پاسىق دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئېلىپ بارمايدىغانلىقىغا، بۇرۇندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇلار ئارىسىدا داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تالاش – تارتىشنى دەستەك قىلماسلىقىقا ئېتىقاد قىلىشىم كېرەك.

12. اللّٰه تائالانىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىم، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىم كېرەك. چۈنكى ئۇ كىتابلارنى نازىل قىلىپ ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى پەقەتلا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا، ئۆزىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە باش ئەگمەسلىككە دەۋەت قىلغان.

---

[1] شەھىد ئىمام ھەسەنۇلبەننانىڭ «ئەلئەقائىد» ناملىق رىسالىسىگە ۋە ئابدۇلخالىقنىڭ «ئەلقەزايا ئەلكۇللىييە لىلئېئتىقاد» ناملىق رىسالىسىگە قاراڭ!

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[1].

13- پەقەتلا اللهتىن قورقۇشۇم، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقماسلىقىم كېرەك. مېنىڭ ئۇنىڭدىن قورقۇشۇم ئۇ غەزەپلىنىدىغان ۋە ھارام قىلغان ئىشلاردىن مېنى يىراق تۇرۇشقا ئۈندىيەلىشى لازىم.

﴿وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ ﴿اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، اللهتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2]؛ ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِالْغَيْبِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾[3].

14- اللهنى ھەمىشە ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرۇشۇم، داۋاملىق زىكىر قىلىشىم كېرەك. سۈكۈتۈم تەپەككۇر، سۆزۈم زىكىر بولۇشى لازىم. چۈنكى اللهنى زىكىر قىلىش ئەڭ كۈچلۈك روھىي شىپا، ھاياتنىڭ ھەر تۈرلۈك بالايىئاپەتلىرىگە، جاپا - مۇشەققەتلىرىگە ۋە مۇسىبەتلىرىگە قارشى ئەڭ ئۈتكۈر قورالدۇر. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، ئىنسانىيەت بۇنىڭغا (اللهنى زىكىر قىلىشقا) تولىمۇ موھتاج – ھە! الله تائالا مۇنۇ سۆزلىرىنى تولىمۇ راست ئېيتقان:

﴿الَّذِينَ آمَنُواْ وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكْرِ اللّهِ أَلاَ بِذِكْرِ اللّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ ﴿(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى اللهنى ياد

[1] سۈرە نەھل، 36 – ئايەت.
[2] سۈرە نۇر، 52 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇلك، 12 – ئايەت.

ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار اللهنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ. وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ﴾ ﴿كىمكى مېھرىبان اللهنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[2].

مەشھۇر پسىخولوگىيە ئالىمى دوكتور بەررىل زىكىرنىڭ روھىي شىپا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ: "دىندار ئادەم راستىنلا روھىي كېسەللىككە يولۇقمايدۇ" دېگەن. پسىخولوگ دېيل كارنىجىمۇ مۇنداق دېگەن: "پسىخولوگىيە دوختۇرلىرىنىڭ بايقىشىچە، كۈچلۈك ئىمان ۋە دىنغا چىڭ ئېسىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئامىل ئىنساندىكى ھەم روھىي سىقىلىش ھەم نېرۋا چىچىلاڭغۇلۇقىنى يېڭىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىكەن".

15- الله تائالانى شۇنداق ياخشى كۆرۈشۈم لازىمكى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى قەلبىمنى ھەر دائىم ئوراپ تۇرۇشى، پۈتۈن ھېسسىياتىم ئۇنىڭ بىلەن بولۇشى، بۇ مۇھەببەت مېنى ھەر زامان ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىشقا، پىداكار بولۇشقا ۋە الله يولىدا بارلىقىم بىلەن جىھاد قىلىشقا ئۈندەپ تۇرۇشى، دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرى ياكى خىش – ئەرقرىبالىرىمنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى مېنى ئۇ يولدىن توسۇپ قويماسلىقى، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە قەئىي ئەمەل قىلىشىم كېرەك:

[1] سۈرە، رەئد، 28 - ئايەت.

[2] سۈرە زۇخرۇف، 36 - ۋە 37 – ئايەتلەر.

﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق – تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەتىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتىھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ھەدىستە بايان قىلغان ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشقا ئىنتىلىشىم كېرەك:

«ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بولۇپ، كىمكى ئۇ ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرسە، ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ: بىرى، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ياخشى كۆرۈش؛ يەنە بىرى، بىراۋنى ياخشى كۆرسە پەقەتلا اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى، كۇپرىغا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەكلا يامان كۆرۈش»[2].

16- ھەممە ئىشىمدا اللەقا تەۋەككۇل قىلىشىم ۋە ئۇنىڭغىلا تايىنىشىم كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش ماڭا روھىي ئوزۇق ۋە مەنىۋىي كۈچ

---

[1] سۈرە تەۋبە، 24 – ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بېرىدۇ – دە، ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلا يېڭەلەيمەن. ﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ﴾ ﴿كىمكى اللهقا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «اللهنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلغىنىڭكى، الله سېنى قوغدايدۇ. اللهنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغدىغىنىڭكى، (قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىڭدا) الله سەن بىلەن بىللە بولىدۇ. بىرەر نەرسە سورىساڭ، پەقەتلا اللهتىن سورىغىن. ياردەم تەلەپ قىلساڭ، پەقەتلا اللهتىن تەلەپ قىلغىن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، پۈتۈن ئىنسانلار ساڭا بىرەر مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانغان تەقدىردىمۇ، پەقەت الله ساڭا تەقدىر قىلغان مەنپەئەتتىن باشقا مەنپەئەتنى يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ساڭا بىرەر زەرەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانغان تەقدىردىمۇ، پەقەت الله ساڭا تەقدىر قىلغان زەرەردىن باشقا زەرەرنى يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلۈپ، سەھىپىلەر قۇرۇپ بولدى»[2].

17- الله تائالاغا ئۇنىڭ سان - ساناقسىز نېمەتلىرى، پۈتمەس - تۈگىمەس پەزلى - ئىكرامى ۋە مېھرى - شەپقەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشىم كېرەك. بىرەر نەرسە بەرگەن، ياخشىلىق قىلغان، ئىلتىپات كۆرسەتكەن كىشىگە شۈكۈر قىلىش ئەدەپ – ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

﴿وَاللّهُ أَخْرَجَكُم مِّن بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لاَ تَعْلَمُونَ شَيْئًا وَجَعَلَ لَكُمُ الْسَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، الله سىلەرگە شۈكۈر

[1] سۈرە تالاق، 3 – ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

قىلىسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[①]؛ ﴿**وَآيَةٌ لَّهُمُ الْأَرْضُ الْمَيْتَةُ أَحْيَيْنَاهَا وَأَخْرَجْنَا مِنْهَا حَبًّا فَمِنْهُ يَأْكُلُونَ. وَجَعَلْنَا فِيهَا جَنَّاتٍ مِن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ وَفَجَّرْنَا فِيهَا مِنْ الْعُيُونِ لِيَأْكُلُوا مِن ثَمَرِهِ وَمَا عَمِلَتْهُ أَيْدِيهِمْ أَفَلَا يَشْكُرُونَ**﴾ ﴿ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (اللهنىڭ قۇدرىتى كاملەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (اللهنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلامدۇ؟﴾[②]

الله تائالا نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغانلارغا تېخىمۇ كۆپ نېمەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، نېمەتلىرىدىن تانغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇردى: ﴿**وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ**﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴾[③].

18- الله تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىم، ھەمىشە ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرۇشۇم كېرەك. ئىستىغپار ئېيتىش خاتالىقلارغا كەپپارەت بولىدۇ، تەۋبىنى ۋە ئىماننى يېڭىلايدۇ، كىشىنى راھەت ۋە خاتىرجەم قىلىدۇ.

---

[①] سۈرە نەھل، 78 – ئايەت.

[②] سۈرە ياسىن، 33 – ئايەتتىن 35 – ئايەتكىچە.

[③] سۈرە ئىبراھىم، 7 – ئايەت.

﴿وَمَن يَعْمَلْ سُوءًا أَوْ يَظْلِمْ نَفْسَهُ ثُمَّ يَسْتَغْفِرِ اللّهَ يَجِدِ اللّهَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن اللهتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ اللهنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ أُوْلَئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ﴾ ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، اللهنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللهتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەتتۇر﴾[2].

19- الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ، مەيلى ئاشكارا مەيلى يوشۇرۇن ھالىمدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مېنى ھەمىشە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا رىئايە قىلىشىم كېرەك.

﴿مَا يَكُونُ مِن نَّجْوَى ثَلَاثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمْ وَلَا خَمْسَةٍ إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمْ وَلَا أَدْنَى مِن ذَلِكَ وَلَا أَكْثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ ﴿ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، الله ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، الله ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، الله ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر، ئاندىن

---

[1] سۈرە نىسا، 10 - ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 135 – ئايەت.

قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشـلىرىنى الله ئۇلارغـا ئېيتــپ بېرىــدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇ﴾[1].

[1] سۈرە مۇجادىلە، 7 ـ ئايەت.

## ئىككىنچى، ئىبادىتىمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك

ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەت پەرۋەردىگارغا باش ئېگىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىنى، مەبۇدنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ، اللهنىڭ مەخلۇقاتلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغىنىدەك، ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى ئارىسىدىكى رىشتىنىڭ مەرتىۋىلىرىنى ئىزھار قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەجدىن ئىبارەت پەرزلىرى، شۇنداقلا، ئىنسان اللهنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ قىلىدىغان باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. چۈنكى ئىسلام مەنتىقى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئىبادەت، ھەممىسى ئىتائەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ**﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللهنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[1]؛ ﴿**قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**﴾ ﴿نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر﴾[2].

---

[1] سۈرە زارىيات، 56 – ئايەتتىن 58 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەنئام، 162 – ئايەت.

## ئىبادىتىمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشىم ۋاجىپ بولىدۇ:

1. ئىبادەتلىرىم بىۋاسىتە الله بىلەن تۇتۇشۇشى لازىم. مانا بۇ، ئىبادەتنىڭ ئېھسان مەرتىۋىسىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئېھسان دېگەن نېمە دەپ سورالغاندا: «اللهنى كۆرۈپ تۇرغاندەكلا ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ، ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1] دېگەن.

2. ئىبادەتلىرىمنى تەئدىل – ئەركان بىلەن ۋە خۇشۇ ئىچىدە ئادا قىلىشىم، ياراتقۇچىمغا بولغان مېھرى – مۇھەببىتىمنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلىشىم، تائەت - ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى تېتىشىم كېرەك. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پاراڭلىشاتتۇق، ئۇمۇ بىز بىلەن پاراڭلىشاتتى، ناماز ۋاقتى كەلگەندە، گويا ئۇ بىزنى تونۇمايدىغاندەك، بىزمۇ ئۇنى تونۇمايدىغاندەك چىقىپ كېتەتتى"[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمۇ ئىبادەتنىڭ خۇشۇ بىلەن ئادا قىلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «كېچىلىرىنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ نامازلىرى ھېرىش ۋە چارچاشتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ (يەنى ساۋاب بېرىلمەيدۇ)»[3]؛ «كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ روزىلىرى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ (يەنى ساۋاب بېرىلمەيدۇ)»[4].

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئەزدى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.

3. ئىبادەتلىرىمنى ھۇزۇرى قەلب بىلەن، دۇنيا مەشغۇلاتلىرىدىن ۋە غەم - غۇسسىلىرىدىن خالىي بولغان ھالدا ئادا قىلىشىم كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «اللە تائالا كىشىنىڭ قەلبى بىلەن جىسمىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇمىغان نامىزىغا قارىمايدۇ»[1].

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "ناماز ئاخىرەتنىڭ ئەمىلىدۇر. شۇڭا، نامازنى باشلىساڭ، دۇنيادىن چىقىپ كېتىشىڭ كېرەك".

ھەسەن بەسرىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: "ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئوقۇلمىغان ھەرقانداق ناماز ئازابقا بەكرەك يېقىندۇر".

4. ئىبادەتكە ھېرىسمەن بولۇشۇم، ئاز ئىبادەتكە قانائەت قىلماسلىقىم، ئۆزەمگە ئىبادەت قىلىپ تويمايدىغان ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈشۈم، پەرز ئىبادەتلەردىن سىرت نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق اللەقا تېخىمۇ يېقىنلىشىشىم كېرەك. اللە تائالا بىر ھەدىسى قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ ۋەلىيىمگە (يەنى مېنىڭ نەزىرىمدە ۋەلىي ماقامىغا يەتكەن كىشىگە) دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەمنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ئىبادەتلەردىن ياخشىراق ھېچ نەرسە يوق. ئۇ يەنە ھەمىشە نەپلە ئىبادەتلەرنىمۇ قىلىپ ماڭا يېقىنلىشىشقا تىرىشىدۇ – دە، ئاخىرى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. ناۋادا ئۇ مەندىن بىرەر نەرسە سورىسا، دەرھال بېرىمەن، پاناھلىق تىلىسە، پاناھلىق بېرىمەن. مەن ئىرادە قىلغان ھېچبىر ئىشتا مۇئمىن بەندەمنىڭ جېنىنى ئېلىشتا

[1] مۇسنەدى فىردەۋس، سەنەدى زەئىپ.

ئىككىلەنگەندەك ئىككىلەنمەيمەن. چۈنكى ئۇ ئۆلۈمنى يامان كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇنى يامان ئەھۋالغا قويۇشنى يامان كۆرىمەن»[1].

5. كېچىسى ناماز ئوقۇشقا (يەنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا) ھېرىسمەن بولۇشۇم، ئۆزەمنى ئۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈشۈم كېرەك. چۈنكى كېچىدە ئىبادەت قىلىش ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئامىللاردىن بىرىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ نَاشِئَةَ اللَّيْلِ هِيَ أَشَدُّ وَطْءًا وَأَقْوَمُ قِيلًا﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ﴾[2].

الله تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ ﴿ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى﴾[3]؛ ﴿تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[4].

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە مۇززەممىل، 6 – ئايەت.
[3] سۈرە زارىيات، 17 – ۋە 18 - ئايەتلەر.
[4] سۈرە سەجدە، 16 – ئايەت.

6. قۇرئان ئوقۇش ۋە قۇرئان مەنىلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى، بولۇپمۇ، سەھەر ۋاقتىدا ۋاقىت ئايرىشىم لازىم. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا﴾ ﴿(كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ﴾[1] قۇرئان كەرىمنى مۇلاھىزە قىلغان ۋە پىكىر يۈرگۈزگەن، خۇشۇ ۋە غەمكىنلىك بىلەن ئوقۇشۇم كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان غەم — قايغۇ ئىچىدە نازىل بولدى، سىلەرمۇ قۇرئان ئوقۇغاندا غەم - قايغۇ ئىچىدە ئوقۇڭلار»[2].

شۇنىڭدەك، اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشۇم لازىم: ﴿لَوْ أَنزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ﴾ ﴿ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اللەتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنىمۇ داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشۇم لازىم: «قۇرئان ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال سانىغان كىشى قۇرئانغا ئىشەنمىگەن بولىدۇ»[4]؛ «ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىبادىتى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش»[5].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن اللەنىڭ داستىخىنىدۇر، اللەنىڭ داستىخىنىدىن كۈچۈڭلارنىڭ

---

[1] سۈرە ئىسرا، 78 – ئايەت.

[2] ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ نەئىم «ھىلىيە» ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە ھەشر، 21 – ئايەت.

[4] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[5] ئەبۇ نەئىم رىۋايەت قىلغان.

يېتىشىچە بەھرىمەن بولىدۇكەنلەر. بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر، پارلاق نۇردۇر، دەرتكە شىپادۇر. كىمكى ئۇنىڭغا ئېسىلىدىكەن، ھىمايىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئەگىشىدىكەن، نىجات تاپىدۇ. قۇرئان كىشىنى ئازدۇرمايدۇكى، تەۋبە تەلەپ قىلىنسۇن! خاتا يولغا باشلىمايدۇكى، خاتالىقى تۈزىتىلسۇن! ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ھېچ تۈگەپ قالمايدۇ. كۆپ ئۇقۇلغانلىقتىن كونىراپ قالمايدۇ. سىلەر ئۇنى (كۆپ) ئوقۇڭلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۇنى ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن ھەربىر ھەرپىنىڭ بەدىلىگە ئون ساۋاب بېرىدۇ. ھالبۇكى، مەن ئەلىپ لام مىم (ئۈچىسى)نى بىر ھەرپ دېمەيمەن. ئەكسىچە، ئەلىپ بىر ھەرپ، لام بىر ھەرپ، مىم بىر ھەرپتۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: «ئۆزەڭگە ھەمىشە قۇرئان ئوقۇشنى ئادەت قىلغىن! چۈنكى ئۇ ساڭا دۇنيادا نۇر، ئاخىرەتتە ئوزۇقلۇق بولىدۇ»[2].

7. ھەربىر ئىشىمدا دۇئا قىلىش مېنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقىدىغان شۇتا بولۇشى لازىم. چۈنكى دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكىدۇر. دۇئا قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان خاسىيەتلىك دۇئالارنى تاللاپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىم كېرەك. ئاللاھ تائالا دۇئا ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ**﴾ ﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن﴾[3].

---

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە مۇئمىن، 60 ـ ئايەت.

**تۆۋەندىكى دۇئالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە قىلىغان دۇئالاردىندۇر:**

• **ئۇخلاشقا تەمشەلگەندە:** «ئى پەرۋەردىگارىم! يېنىمنى سېنىڭ نامىڭ بىلەن يەرگە قويدۇم، ئۇنى يەنە سېنىڭ نامىڭ بىلەن كۆتۈرىمەن. ئەگەر جېنىمنى ئالساڭ، مەغپىرەت قىلغىن. ئەگەر قايتا تىرىلدۈرسەڭ (يەنى ئويغاتساڭ)، ياخشى بەندىلىرىڭنى قوغدايدىغان ئىنايىتىڭ بىلەن قوغدىغىن».

• **ئويغانغاندا:** «بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگەن (يەنى ئۇخلىغاندىن كېيىن ئويغاتقان) ﷲقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئاخىرى قايتىدىغان يېرىمىز ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر».

• **كىيىم كىيگەن ۋە سالغاندا:** «ئى ﷲ! مەن سەندىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كىيىمنى ياخشى مەقسەتتە كىيىشنى سورايمەن. (ئى ﷲ!) مەن ساڭا سېغىنىپ بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇ كىيىمنى يامان مەقسەتتە كىيىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن».

• **ئۆيدىن چىققان ۋە ئۆيگە كىرگەندە:** «ﷲنىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمەن (ياكى كىرىمەن). ﷲقا تەۋەككۇل قىلدىم. ﷲنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ — قۇدرىتىمىز يوقتۇر».

• **مەسجىدكە ماڭغاندا:** «ئى ﷲ! قەلبىمنى نۇرلاندۇرغىن، كۆزۈمنى نۇرلاندۇرغىن، قۇلىقىمنى نۇرلاندۇرغىن، ئوڭ تەرىپىمنى نۇرلاندۇرغىن، سول تەرىپىمنى نۇرلاندۇرغىن، ئۈستى تەرىپىمنى نۇرلاندۇرغىن، ئاستى تەرىپىمنى نۇرلاندۇرغىن، ئالدى تەرىپىمنى نۇرلاندۇرغىن، ئارقا تەرىپىمنى نۇرلاندۇرغىن؛ يەنى ماڭا تولۇق نۇر ئاتا قىلغىن».

• **مەسجىدكە كىرگەندە:** «ئى ﷲ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن!»

• **مەسجىدتىن چىققاندا:** «ئى اللە! سەندىن ئۆتۈنۈپ پەزلى – مەرھەمىتىڭدىن تىلەيمەن!»

• **تاماق يېيىشكە تەمشەلگەندە:** «ئى اللە! بىزگە ئاتا قىلغان رىزىقنى بەرىكەتلىك قىلغىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. بىسمىللاھ (يەنى سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن تاماق يېيىشنى باشلايمەن)».

• **تاماق يەپ بولغاندا:** «بىزگە تاماق بەرگەن، سۇ بەرگەن ۋە بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قىلغان جانابى اللەقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن».

• **ھاجەتخانىغا كىرىش ئالدىدا:** «ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ـ چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن».

• **ھاجەتخانىدىن چىققاندا:** «ماڭا يېمەك – ئىچمەكنىڭ لەززىتىنى تېتىتقان، زىيانلىق نەرسىلىرىنى مەندىن يىراق قىلغان جانابى اللەقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن».

• **جىما قىلىشقا تەمشەلگەندە:** «ئى اللە! بىزدىن ۋە بىزگە ئاتا قىلىدىغان رىزىقتىن (يەنى پەرزەنتتىن) شەيتاننى يىراق قىلغىن».

• **ئۇيقۇ قاچقاندا:** «ئى اللە! يۇلتۇزلار پاتتى، كۆزلەر تالدى. سەن ھەمىشە تىرىكسەن، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچىسەن. سېنى نە مۈگدەك، نە ئۇيقۇ تۇتمايدۇ. ئى ھەمىشە تىرىك اللە! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى اللە! كېچەمنى تىنچلاندۇرغىن، كۆزۈمنى ئۇخلاتقىن».

• **ناماز ئوقۇپ بولغاندا:** «كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم تەسبىھ (سۇبھانەللاھ)، 33 قېتىم ھەمدۇسانا (ئەلھەمدۇلىللاھ)، 33 قېتىم تەكبىر (ئاللاھۇ ئەكبەر) ئېيتسا ۋە 100 ـ قېتىمدا: "يېگانە اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. پۈتۈن پادىشاھلىق ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر. بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر" دېسە، ئۇنىڭ دېڭىز كۆپۈكىدەك (كۆپ) گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ».

• **يىغىن (سۆھبەت) ئاخىرلاشقاندا:** «ئى اﷲ! سېنى (بارلىق نۇقسانلاردىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە سەكسىز ھەمدۇسانالار بىلەن مەدھىيىلەيمەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن».

• **قاتناش ۋاستىلىرىغا ئولتۇرغاندا:** «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن اﷲقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، بىز بۇنىڭغا (چىقىشقا) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز».

• **سەپەرگە چىققاندا:** «ئى اﷲ! (قاتناش ۋاستىلىرىنى) سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا باشقۇرىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا ھەرىكەت قىلىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا ماڭىمەن. ئى اﷲ! مەن سەندىن بۇ سەپىرىمدە ھەم ياخشىلىق ھەم تەقۋالىقنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەلنى تىلەيمەن. ئى اﷲ! بۇ سەپىرىمىزنى بىزگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ مۇساپىسىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگىن. ئى اﷲ! سەن سەپىرىمىزدە بىزگە ھەمراھسەن، خوتۇن - بالىلىرىمىزغا ئورۇنباسارسەن. ئى اﷲ! مەن ساڭا سېغىنىپ سەپىرىمنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن، چىرايىمنىڭ سولغۇنلىشىپ قېلىشىدىن، پۇل – مېلىمغا ۋە خوتۇن بالىلىرىمغا زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن».

• **يامغۇر ياققاندا:** «ئى اﷲ! يامغۇرنى بىزگە پايدىلىق قىلىپ بەرگىن» (بۇ دۇئانى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئوقۇش سۈننەتتۇر).

• **چاقماق چاققاندا:** «ئى اﷲ! بىزنى غەزىپىڭ بىلەن ئۆلتۈرمىگىن، ئازابىڭ بىلەن ھالاك قىلمىغىن، جېنىمىزنى غەزەپ ۋە ھالاكەتتىن بۇرۇن ئامان - ئېسەنلىك بىلەن ئالغىن».

• **ھىلالنى كۆرگەندە:** «اﷲ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. ئى اﷲ! بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەتلىك، ئىمانلىق، تىنچلىق ـ ئامانلىق، ئىسلامغا پايدىلىق،

سەن ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاتا قىلىپ بەرگىن. ئى ئاتا! سېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىمىز اللهتۇر».

• **تـــوي قىلغـــانلارنى مۇبارەكلىگەنـــدە:** «الله ســـاڭا ۋە ســـاڭا نەرسىلەرگە بەرىكەت ئاتــا قىلســۇن، ئىككىڭلارنــى ياخشــىلىق ئىچــدە بىرلەشتۈرسۇن».

• **پەرزەنـــت كۆرگەنـــدە:** «اللهنـــىڭ مـــۇكەممەل كەلىمىلـــرىگە سېغىنىپ ھەرقانداق شەيتاندىن، ھەرقانداق خەتەرلىك مەخلۇقـاتلاردىن ۋە ھەرقانداق يامان كۆزدىن (يەنى كۆز تېگىشتىن) سـېنى ئـۆز پاناھــدا ساقلىشىنى تىلەيمەن».

• **غەم - قايغۇ باسقاندا:** «ئى الله! ســەندىن باشــقا ھــېچ ئــىلاھ يوقتۇر. سېنى ھەممە نۇقساندىن پاك دەپ يـادلايمەن. مەن ھەقــقەتەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدىم».

• **كېســـەل يوقلىغانـــدا:** «ئـــى الله! ســـەن بـــارلىق ئىنســـانلارنىڭ پەرۋەردىگارىســـەن. بـــۇ كېســـەلنىڭ دەرت - ئەلەملىرىنـــى كەتكـــۈزگىن، ئۇنىڭغا شىپا بەرگىن. پەقەت سەنلا شىپا بېرىسەن، سەندىن باشقا ھــېچ شىپا بەرگۈچى يوقتۇر. سېنىڭ شىپارىڭ ھېچبىر كېسەللىكنى قالـدۇرماي ھەممىنى ساقايتىۋېتىدۇ».

• **تەزىيە بىلدۈرگەندە:** «شەك — شۈبھىسىزكى، ئالغىنىمۇ اللهنىڭ، بەرگەنىمۇ اللهنىڭدۇر. اللهنـــىڭ دەرگاھــدا ھەمــمە نەرســىنىڭ مـۇئەييەن مۇددىتى بار. سەۋر قىلغىن ۋە اللهتىن ساۋاب ئۈمىت قىلغىن».

• **مېيـــت نامىزىغـــا قاتناشـــقاندا:** «ئـــى الله! ئۇنىڭغـــا مەغپـــىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، ئامانلىق ئاتا قىلغـــىن، گۇنـــاھلىرىنى كەچـــۈرگىن، ئۇنىڭ قارارگاھىنى ياخشى قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن. ئـۇنى سـۇ، قار ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، گۇناھلىرىدىن خۇددى ئاق كىيىمنى كــىردىن پاك قىلغىنىڭدەك پـاك قىلغـــىن. ئۇنىڭغـا دۇنيـادىكى ئۆيـــدىن ياخشـــى قارارگاھ، ئائىلىسىدىن ياخشى ئـائىلە ۋە جۈپتـــىدىن ياخشـــى جـۈپ ئاتـــا

قىلىغىن. ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، قەبرە ئازابىدىن ۋە دوزاخ ئازابــىدىن ساقلىغىن».

# ئۈچىنچى، ئەخلاقىمدا مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك

شۈبھىلىك نەرسىلەردىن قەتئىي يىراق تۇرۇش، كۆزنى نامەھرەملەردىن ساقلاش، تىلنى ھارام سۆزلەردىن يىغىش، ھايالىق بولۇش، مۇلايىم ۋە سەۋرچان بولۇش، راستچىل بولۇش، كەمتەر بولۇش، گۇمانخورلۇقتىن ۋە غەيۋەت قىلىشتىن، شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەشتىن يىراق تۇرۇش، مەرت ۋە سېخىي بولۇش قاتارلىقلار ھەربىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقلاردۇر.

گۈزەل ئەخلاق ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈشتە ئاساسىي نىشان رولىنى ئوينايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم»[1]. مۇنۇ ئايەتلەرمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ:

﴿**الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ**﴾ ﴿(اللەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللەقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللەقا قايتىدۇ)﴾[2]؛ ﴿**لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا**

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ھەج، 41 – ئايەت.

عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ دەلىلى ۋە مېۋىسىدۇر. گۈزەل ئەخلاق بولمىسا، ئىماننىڭ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىمان دېگەن (قۇرۇق) ئارزۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى دىلدا ئورۇن ئالغان ۋە ئەمەل – ئىبادەت بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسىدۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "دىن دېگەن نېمە؟" دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئەخلاقنىڭ گۈزەل بولۇشى» دەپ جاۋاب بەرگەن؛ "شۇملۇق دېگەن نېمە؟" دەپ سورالغاندا: «ئەخلاقنىڭ ناچارلىقى» دەپ جاۋاب بەرگەن[3].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 177 - ئايەت.

[2] مۇسنەدى دەيلەمى.

[3] مۇسنەدى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل.

قىيامەت كۈنى، بەندىنىڭ تارازىغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئەملى گۈزەل ئەخلاقىدۇر. شۇڭا، كىمنىڭ ئەخلاقى بۇزۇق، ئەمەللىرى ناچار بولسا، نەسەبى (قانچىلىك شەرىپلىك ۋە ئىززەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ) قىيامەت كۈنى ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى، بەندىنىڭ تارازىغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئەملى گۈزەل ئەخلاقىدۇر»[1].

ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنى ئىبادەت قىلىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاقتۇر. شۇڭا، ئەخلاقى ياخشى بولمىغان ئادەمنىڭ ئەمەللىرى ھېچقانداق قىممىتى يوق ۋە پايدىسىز ھەرىكەتلەردىنلا ئىبارەت خالاس. الله تائالا ناماز ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ﴾ ﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «نامىزى قەبىھ ۋە گۇناھ ئىشلارغا توسالغۇ بولالمىغان ئادەم اللهتىن تېخىمۇ بەك يىراقلىشىپ كېتىدۇ»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈندە يامان سۆز قىلمىسۇن ۋە ھېچكىم بىلەن جاڭجاللاشمىسۇن. ناۋادا بىراۋ ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن جاڭجال قىلسا، "مەن روزىدار" دېسۇن»[4].

الله تائالا ھەج توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ﴾ ﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 – ئايەت.

[3] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئىدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ ئىشلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەج ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەج قىلىپ، ھەج مەۋسۇمىدە (يەنى ئېھرامدىكى چاغلىرىدا) جىنسىي مۇناسىۋەت قىلمىسا ۋە گۇناھ ئىشلىمىسە، گۇناھلىرىدىن خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەكلا (پاك بولۇپ) قايتىدۇ»[2].

**مۇسۇلماننىڭ سۈپەتلىرى:** كىشى ئەخلاقىي جەھەتتىن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- **شۈبھىلىك نەرسىلەردىن قەتئىي يىراق تۇرۇش:**

ھەربىر مۇسۇلمان ھارام نەرسىلەردىن قەتئىي ساقلىنىشى، شۈبھىلىك نەرسىلەردىنمۇ يىراق تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھالال ئىشلارمۇ ئوچۇق - ئاشكارىدۇر، ھارام ئىشلارمۇ ئوچۇق – ئاشكارىدۇر. بىراق، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك ئىشلار باركى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى بىلمەيدۇ. كىمكى شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانسا، دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلاپ قالىدۇ. كىمكى شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلىدىكەن، ھارام ئىشلارنىمۇ قىلىپ سالىدۇ. مەسىلەن، ئوتلاق چېگرىسىدا مال باققان پادىچىغا ئوخشاشكى، ناۋادا ئۇ دىققەت قىلمىسا، پادىلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ باشقىلارنىڭ ئوتلىقىغا كىرىپ كېتىدۇ. بىلىپ قېلىڭلاركى، ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگرىسى بار. ئاللەنىڭ چېگرىسى ئۇ ھارام قىلغان ئىشلاردۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 197 – ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

بىلىپ قېلىڭلاركى، تەندە بىر پارچە گۆش بار؛ ئەگەر ئۇ گۆش ساغلام بولسا، تەننىڭ ھەممىسى ساغلام بولىدۇ، ئەگەر ئۇ گۆش بۇزۇلسا، تەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ. بىلىپ قىلىڭلاركى، ئۇ گۆش يۈرەكتۇر»[1].

شۈبھىلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش نېمىدېگەن ئالىي مەرتىۋە — ھە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇ مەرتىۋىنى مۇنداق تەرىپلىگەن: «بەندە چاتىقى بار نەرسىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ چاتىقى يوق نەرسىلەردىنمۇ تەرك ئەتمىگىچە ھەقىقىي تەقۋادارلىق دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ»[2].

● **كۆزنى نامەھرەملەردىن ساقلاش:**

ھەربىر مۇسۇلمان الله ھارام قىلغان نەرسىلەرگە (يەنى نامەھرەم ئاياللارغا) قارىماسلىقى لازىم. چۈنكى نامەھرەم ئايالغا قاراش شەھۋەتنى قوزغاپ سالىدۇ — دە، كىشىنى ئاستا - ئاستا گۇناھ ئىشلەشكە ۋە ئاسىيلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، قۇرئان كەرىممۇ مۇئمىنلەرنى نامەھرەملەرگە ئارتۇق قاراشتىن ئاگاھلاندۇرغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇنداق دېگەن: «نامەھرەمگە قاراش ئىبلىسنىڭ (زەھەرلىك) ئوقلىرىدىندۇر»؛ «كۆزۈڭلارنى نامەھرەم ئاياللارغا قاراشتىن، ئەۋرەتلىرىڭلارنى ئۇلار بىلەن زىنا قىلىشتىن قەتئىي ساقلىشىڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر، الله چوقۇم يۈزۈڭلارنى سەتلەشتۈرىۋېتىدۇ (يەنى يۈزۈڭلارنىڭ نۇرىنى كەتكۈزىۋېتىدۇ)»[4].

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە نۇر، 30 - ئايەت.

[4] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

**• تىلنى يىغىش:**

ھەربىر مۇسۇلمان ئارتۇق گەپ قىلىشتىن، قەبىھ سۆزلەرنى قىلىشتىن، ناچار مەنىلىك كەلىمە ۋە تەبىرلەرنى ئىشلىتىشتىن، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشتىن، غەيۋەت ۋە چېقىمچىلىق قىلىشتىن تىلىنى قەتئىي يىغىشى كېرەك. ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

"بىلىشىڭ كېرەككى، ھەربىر مۆكەللەف (بالاغەتكە يەتكەنلىكتىن ئۇستىگە شەرىئەت ئەھكاملىرى يۈكلەنگەن كىشى) تىلىنى پايدىلىق بولمىغان بارلىق سۆزلەردىن يىغىشى لازىم. قاچىنكى پايدىسىمۇ بولمىغان، زىيىنىمۇ بولمىغان مۇباھ سۆزلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنى قىلماسلىق تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى مۇباھ سۆزلەر كىشىنى مەكرۇھ ياكى ھارام سۆزلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. مۇنداق ئىشلار ئادەتتە كۆپ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق سۆزلەردىن تىلنى يىغىشنىڭ پايدىسىغا ھېچ نەرسە تەڭ بولالمايدۇ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تىلنىڭ كىشىنى يامان ئاقىۋەت ۋە بالايىئاپەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئاشۇ ھەدىسلەردىن بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار پەقەت تىللىرىنىڭ سەۋەبىدىنلا (يەنى ئۇلارنىڭ تىللىرى ياخشى ئەمەللىرىنى خۇددى ئورغاقتەك ئورۇپ تاشلىغانلىقى سەۋەبىدىنلا) دوزاخقا دۈم چۈشىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن تاپا - تەنە قىلغۇچى، لەنەتخور، قەبىھ ۋە ھاياسىز سۆزلەرنى قىلغۇچى بولمايدۇ»[2]؛ «كىمكى كۆپ گەپ قىلىدىكەن، كۆپ خاتالىشىدۇ. كىمكى كۆپ

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

خاتالىشىدىكەن، گۇناھلىرىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. گۇناھلىرى كۆپ بولغان ئادەمگە جەھەننەم ئەڭ ھەقلىق بولىدۇ»[1].

**● ھايالىق بولۇش:**

ھەربىر مۇسۇلمان بارلىق ئىشلىرىدا ھايالىق بولۇشى، لېكىن ھايا ئۇنىڭ ھەقىقەتكە قارىتا جۈرئەتلىك بولۇشىغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، نامەھرەملەرگە قارىماسلىق، مۇسۇلمانلارغا مېھرىبان بولۇش، پەس ئاۋازدا گەپ قىلىش، نېمەتكە قانائەت قىلىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەر ھايا ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچكەركى ئۆيدىن چىقمايدىغان قىزدىنمۇ ھايالىق ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايا ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىماننىڭ 70 نەچچە ياكى 60 نەچچە شاخچىسى بار؛ ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى: "بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر" دېيىشتۇر، ئەڭ تۆۋىنى يول ئۈستىدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر. ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر»[3].

ئالىملار ھايا ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "ھايانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئېسىل ئەخلاق بولۇپ، كىشىنى يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە ئۈندەيدۇ، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىگە نۇقسان يەتكۈزۈشتىن توسىدۇ".

**● مۇلايىم ۋە سەۋرچان بولۇش:**

مۇلايىملىق ۋە سەۋرچانلىق ھەربىر مۇسۇلماندا چوقۇم تېپىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم سۈپەتلەردىندۇر. ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

---

[1] ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئىنتايىن جاپالىق. چۈنكى دەۋەت يولى پۈتۈنلەي قىيىنچىلىق بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئەزىيەتكە ئۇچراش، دۆشكەلىنىش، تۆھمەتكە قېلىش، ئەيىبلىنىش ۋە مەسخىرە قىلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەۋەتچىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرىدىغان داۋانلاردىن ئىبارەت. بۇ داۋانلار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، پائالىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، اللهنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىشتىن توسىدۇ.

بۇ شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇكى، دەۋەتچى قېرىنداشنىڭ خىزمىتى ھەقىقەتەن ئەڭ جاپالىق خىزمەتتۇر. ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن بولۇپ، مىجەز - خۇلقى، ئەقلى - ھوشى ۋە تەبىئىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ھەر خىل كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بۇ دەۋەتنى جاھىلغىمۇ، ئالىمغىمۇ، ئاقىلغىمۇ، ھېسسىياتچان كىشىگىمۇ، مۇلايىم كىشىگىمۇ، قوپال كىشىگىمۇ، ئېغىر بېسىق كىشىگىمۇ، پائالىيەتچان كىشىگىمۇ، يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممە ئادەمگە يەتكۈزۈشى لازىم. يەنە كېلىپ، ئىنسانلارغا خىتاب قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئەقلىگە (چۈشىنەلىشىگە) كۆرە خىتاب قىلىشى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەڭ قۇچاق ئېچىشى ۋە ھەممىسىنى قايىل قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىششى لازىم. مانا بۇنىڭ ئۈزىلا ھەربىر دەۋەتچىنىڭ قاتتىق سەۋرچان، چىدامىلىق ۋە مۇلايىم بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن يوليورۇقلىرى كىشىنى سەۋرچان ۋە مۇلايىم بولۇشتەك، باشقىلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشتەك ئېسىل سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تەرغىب قىلىدۇ.

**1. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى يولیورۇقلىرى:**

﴿**وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ**﴾ «كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە

مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر﴿[1]؛ ﴿فَاصْفَحِ الصَّفْحَ الْجَمِيلَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن﴾[2]؛ ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ ﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾[3]؛ ﴿وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ﴾ ﴿(ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، اللهنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟﴾[4]؛ ﴿وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا﴾ ﴿نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾[5].

**2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى يوليورۇقلىرى:**

«كىشى مۇلايىملىق بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتقان، كېچىسى قىيامدا تۇرغان (يەنى ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ»[6].

بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:

ــ الله ئۆز پەزلى بىلەن ئۆيلەرنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان، مەرتىۋىلەرنى كۆتۈرىدىغان ئىشنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ - دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

ــ شۇنداق قىلغىن ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى، - دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] سۈرە شۇرا، 43 – ئايەت.

[2] سۈرە ھىجر، 85 - ئايەت.

[3] سۈرە زۇمەر، 10 - ئايەت.

[4] سۈرە نۇر، 22 – ئايەت.

[5] سۈرە فۇرقان، 63 - ئايەت.

[6] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

_ ساڭا قارشى قاتتىق مۇئامىلە قىلغان كىشىگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشىڭ، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى كەچۈرۈشۈڭ، سېنى مەھرۇم قويغان كىشىنى سەن مەھرۇم قويماسلىقىڭ، سەندىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزىۋەتكەن كىشى بىلەن سەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىڭ ئەنە شۇ پەزىلەتلىك ئىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر، - دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «الله قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقنى بىر مەيدانغا توپلىغان چاغدا، بىر جاكارچى: "پەزىلەتلىك كىشىلەر قەيەردە؟" دەپ نىدا قىلىدۇ. سان جەھەتتە ئازغىنا بىر تۈركۈم ئىنسانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ناھايىتى تېز ھالەتتە جەننەتكە يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنى پەرىشتىلەر كۈتىۋېلىپ: "سىلەرنىڭ پەزىلىتىڭلار نېمە ئىدى؟" دەيدۇ. ئۇلار: "بىز زۇلۇمغا ئۇچرىساق سەۋر قىلاتتۇق، بىزگە يامانلىق قىلىنسا، كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتۇق" دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا: "سىلەر جەننەتكە كىرىڭلار، ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ئېسىل - ھە!" دېيىلىدۇ».

**3. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇلايىملىق ۋە سەۋرچانلىق ھەققىدە كۆرسەتكەن بەزى ئەمەلىيەتلىرى:**

ھۇنەيىن ئۇرۇشىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام غەنىيمەت تەقسىم قىلغاندا، بىر ئادەم: "اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ تەقسىمات ئادىل بولمىدى، بۇ تەقسىمات بىلەن اللهنىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىدى" دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «الله مۇسا ئەلەيهىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەت قىلىنغان ئىدى، لېكىن ئۇ سەۋر قىلدى» دېدى[2].

---

[1] ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىردى. ئۇچىسىدا نەجراندا تىكىلگەن رەختتىن قوپال بىر يەكتەك بار ئىدى. شۇ ئەسنادا، بىر ئەئرابىي (سەھرالىق) ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، يەكتىكىدىن تۇتۇپ شۇنداق قاتتىق تارتتىكى، يەكتەكنىڭ قوپال يېپلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوينىغا ئىز چىقىرىۋەتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرۇپ:

ـ ئى مۇھەممەد! اللهنىڭ ماللىرىدىن بىزگىمۇ بەرگىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويۇپ، ساھابىلىرىگە:

ـ ئۇنىڭغا مال ئايرىپ بېرىڭلار، ـ دېدى[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىككى تۆگە مال بەرگىن، مال بەرسەڭ ئۆزەڭنىڭ ياكى داداڭنىڭ مېلىنى بەرمەيسەن، ـ دېدى. شۇ چاغدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەكتىكىدىن تۇتۇپ قاتتىق تارتقان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەزىنىدارىنى ئۇنىڭغا بىر تۆگە ئارپا، بىر تۆگە خورما بېرىشكە بۇيرۇدى.

ئىمام تەبەرانىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، (ھايا قىلماستىن) ئەرلەر بىلەن ناشايان سۆزلەرنى قىلىشىدىغان بىر ئايال بولۇپ، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەردە ئولتۇرۇپ سەرىد (تاماق ئىسمى) يەۋاتقاندا، ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ:

ـ بۇنىڭغا قاراڭلار! خۇددى قۇلدەك ئولتۇرۇپ، قۇلدەك تاماق يەۋېتىپتۇ، ـ دېگەن ئىدى.

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار، مەن ئۇلارغا تۇغقاندارچىلىق قىلىمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا تۇغقاندارچىلىق قىلمايدۇ، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ، مەن ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

_ ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئېيتقانلىرىڭدەك قىلغان بولساڭ، ئۇلارغا قوغ يېدۈرگەندەك بولۇپسەن (يەنى ئۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خۇددى قوغ يېگەندەك ئەلەم تارتىدۇ). سەن ھەمىشە مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ، الله تەرىپىدىن سېنى قوغدايدىغان بىر قوغدىغۇچى ساڭا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ، - دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئېلىشى بار بىر يەھۇدىي ئېلىشىنى سوراپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە:

_ سىلەر ئابدۇمەناپ ئەۋلادى قەرزنى تۆلىمۇ كېچىكتۈرىدىغان قەۋمسىلەر! - دېگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا تەمشەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

_ ھەي ئۆمەر! سەن ئۇنىڭدىن قەرزنى چىرايلىقچە سوراشنى، مەندىنمۇ قەرزنى چىرايلىقچە ئۆتەشنى تەلەپ قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، - دېدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەۋارىيلىرى (ياردەمچىلىرى) بىلەن بىزا - قىشلاقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىنسانلارنى اللهنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىدىكەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چىرايلىق

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

گەپ قىلسا، ئۇلار ئۇنى قوپال گەپ بىلەن تىللايدىكەن، ھاقارەتلەيدىكەن. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ھاۋارىيلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن سورىغاندا، ئۇ:

_ ھەر ئادەم ئۆزىدە بار نەرسىنى سىرتقا چىقىرىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان دەلىللەر دەۋەتچىنىڭ مۇلايىم، سەۋرچان ۋە ئەپۇچان بولۇشتەك سۈپەتلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشىنىڭ لازىملىقىنى، بولۇپمۇ، يېقىن تۇغقانلار، دوست - بۇرادەرلەر ۋە سىرداش قېرىنداشلار تەرىپىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرنى ئەپۇ قىلىشىنىڭ ئۆزئارا مېھرى - مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، چىقىشالماسلىق ۋە ئىختىلاپلارنى تۈگىتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يەنە كېلىپ، ھەربىر دەۋەتچىنىڭ بۇ ئىشلار ئارقىلىق اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشى ئۈنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك مۇكاپاتتۇر.

- **راستچىل بولۇش:**

ھەربىر مۇسۇلمان راستچىل بولۇشى، يالغان ئېيتماسلىقى، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ مالامىتىدىن قورقماستىن ھەقنى سۆزلىشى كېرەك. يالغانچىلىق ئەڭ يامان ئىللەت، ئەڭ پەسكەش ئىش بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شەيتانىي ئازغۇنلۇقنىڭ بوسۇغىسى ھېسابلىنىدۇ. يالغان – ياۋىداق سۆزلەردىن ساقلىنىش كىشىگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى ۋە ئىغۋالىرىدىن قوغدايدىغان مەنىۋى قورغان بەخش قىلىپ، ئەسلى پاكلىقى، ساپلىقى ۋە ئۇلۇغلىقىنى قوغداپ قالىدۇ. يالغانچىلىق ئىنسانىنى كاردىن چىقىرىپ، شەخسىيتىنى خار ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى يالغانچىلىقنى ھارام قىلدى ۋە ئۇنى لەنەتگەردى ئاپەتلەردىن بىرى ھېسابلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىشى

ھەمىشە راست سۆزلەۋېرىپ، ئاخىرى ﷲنىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق ھەقىقەتەن يامانلىققا باشلايدۇ، يامانلىق جەھەننەمگە باشلايدۇ. كىشى ھەمىشە يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاخىرى ﷲنىڭ دەرگاھىدا ياغانچى دەپ يېزىلىدۇ»[1].

**• كەمتەر بولۇش:**

ھەربىر مۇسۇلمان كەمتەر بولۇشى، بولۇپمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا باي - كەمبەغەل دېمەستىن كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭچىلىق قىلىپ سېلىشتىن ﷲقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «دىلىدا زەررىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس قۇددۇسىدا پەرۋەردىگارى ﷲنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «ئىززەت تامبىلىمدۇر، كىبىرلىك تونۇمدۇر. كىمكى بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى مەندىن تالىشىدىكەن، مەن ئۇنى چوقۇم ئازابلايمەن»[3].

**• گۇمانخورلۇقتىن ۋە غەيۋەت قىلىشتىن، شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەشتىن يىراق تۇرۇش:**

ھەربىر مۇسۇلمان ﷲ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، بۇ ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيراً مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ**﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! گۇمان قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر -

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، اللهتىن قورقۇڭلار. الله تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]؛ ﴿**وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا**﴾ ﴿مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئەزىيەت قىلىدىغانلار ئاپ ئۇچۇق بۆھتان توقۇغان بولىدۇ ۋە گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگىمۇ قەتئىي ئەمەل قىلىشى كېرەك: «تىلىدا ئىمان كەلتۈرۈپ، دىلىغا ئىمان كىرمىگەن ئىنسانلار گۇرۇھى! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئەيىبلىرىنى ئىزدىمەڭلار. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدىكەن، گەرچە ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، الله ئۇنى چوقۇم رەسۋا قىلىدۇ»[3].

- **مەرت ۋە سېخىي بولۇش:**

ھەربىر مۇسۇلمان مەرت ۋە سېخىي بولۇشى، جېنىنى ۋە مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلىشتەك ئالىيجاناپ روھنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. كىشىنىڭ بېخىللىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل پۇل مۇئامىلىسىدۇر. نۇرغۇنلىغان ماقام ۋە مەنسەپلەر ماددىي مۇئامىلىگە كەلگەندە يولسىزلىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن قولدىن كېتىپ قالغان. مۇئمىنلەرنىڭ ھاياتىدا مەرتلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمدىكى خېلى كۆپ ئايەتلەردە

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 12 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 58 - ئايەت.

[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئىمان سۈپىتى بىلەن الله يولىدا پۇل خەجلەش سۈپىتى يانمۇيان تىلغا ئېلىنغان:

﴿ومما رزقناهم ينفقون﴾ ﴿ئۇلار بىز بەرگەن مال - مۈلۈكتىن الله يولىغا سەرپ قىلىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَلأنفُسِكُمْ وَمَا تُنفِقُونَ إِلاَّ ابْتِغَاء وَجْهِ اللّهِ وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لاَ تُظْلَمُونَ﴾ ﴿مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېهسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير - ئېهسان قىلىسىلەر (يەنى خەير - ئېهسانىڭلار ئۈچۈن اللهنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار). مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېهسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[2].

بېخىل، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان بايلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك: «هەر كۈنى تاڭ ئېتىشىغا ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىرى: "ئى الله! سېنىڭ يولىڭدا پۇل - مال سەرپ قىلغانلارنىڭ مېلىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغىن!" دېسە، يەنە بىرى: ئى الله! الله يولىدا بېخىللىق قىلغانلارنىڭ پۇل - مېلىنى يوق قىلغىن!" دەيدۇ»[3].

**• ئاخىرىدا، مېنىڭ ئەسكەرتىدىغانلىرىم:**

هەربىر مۇسۇلمان ئىسلام تەلىماتلىرىنى ئىجرا قىلغاندا، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، گەپ — سۆز ۋە سالاملىشىش قائىدە — يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلغاندا، شۇنداقلا، مۇقىم ياكى سەپەردىكى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 3 - ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 272 — ئايەت.

[3] بىرلىككە كەلگەن هەدىس.

چاغلىرىدا، يەنى پۈتۈن سۆكۈنات ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئىنسانلارغا ياخشى ئۆلگە بولۇشى كېرەك[①].

[①] بۇ ھەقتە ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار: ئىمام نەۋەۋىنىڭ «ياخشىلارنىڭ باغچىسى» ناملىق كىتابى؛ مۇھەممەد غەززالىنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى» ناملىق كىتابى؛ ئىمام غەززالىنىڭ «ئەھيائۇ ئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتابىنىڭ «ئىسلام ئەخلاقى بۆلۈمى»؛ «ساھابىلەرنىڭ ھاياتى» ناملىق كىتاب قاتارلىقلاردۇر.

# تۆتىنچى، ئائىلەمدە مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك

كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، ئۆيىلىنىش مەسئۇلىيىتى، ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى مەسئۇلىيەت ۋە پەرزەنت تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مېنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ بولۇشۇم مەندىن بۇ دەۋەتكە ھاياتىم بويىچە ئىگە چىقىشىمنى، بەلكى پۈتۈن ھاياتىمنى بۇ دەۋەتكە بېغىشلىشىمنى كېرەكلىك قىلىدۇ.

مېنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ بولۇشۇم ئەقىدەمدە، ئىبادىتىمدە ۋە ئەخلاقىمدا مۇسۇلمان بولۇشۇمنى پەرز قىلغىنىدەك، مەن ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىسلاملىشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمنىمۇ پەرز قىلىدۇ.

ئۆزەملا مۇسۇلمان بولۇپ، ئەتراپىمدىكى ئىنسانلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكىم مەن ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. كىشىنىڭ ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى، نەسىھەت قىلىشى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ يامان يولدا مېڭىشىغا رازى بولماسلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ قەلبىدە ئىسلامنىڭ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقىنىڭ ۋە نەقىشلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەستىن يېتىپ قالىدىكەن، ئۇلاردىن ئەمەس».

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، مېنىڭ ئۈستۈمگە يېڭى بىر مەسئۇلىيەت يۈكلىنىدۇ؛ ئۇ بولسىمۇ، بىر مۇسۇلمان جەمئىيىتى قۇرۇش بۇ جەمئىيەتكە ئىسلامىيەتنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىدۇر.

بۇنىڭ تۇنجى قەدىمى، تەبىئىي ھالدىلا، بىر مۇسۇلمان ئائىلە قۇرۇش ۋە ئىسلام دەۋىتىنى ئۆزەمنىڭ ئائىلىسىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك جەمئىيەتكە يەتكۈزۈشتۇر. يەنى، خوتۇن – بالىلىرىمغا، يېقىن تۇغقانلىرىمغا، ئاستا – ئاستا باشقىلارغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دەۋەتنى باشلىغاندا مۇشۇ ئۇسلۇبنى قوللانغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلَا تَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ فَتَكُونَ مِنَ الْمُعَذَّبِينَ وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ**﴾ ﴿اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ، ئازاب قىلىنغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن. يېقىن خىش – ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن. ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن﴾[1].

مانا بۇ ئايەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشى مۇسۇلمان بولۇپ ئۆز نەپسىنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ خوتۇن – بالىلىرىنى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ**﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللهنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[2].

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 213 – ئايەتتىن 215 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە تەھرىم، 6 - ئايەت.

**• ئۆيلىنىش مەسئۇلىيتى:**

ئىسلام دىنى مېنىڭ مۇسۇلمان بىر ئائىلە قۇرۇشتا ئۇتۇق قازىنىشىمغا ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن ماڭا يول كۆرسەتتى. شۇنداقلا، ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرۇش، غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇقۇل ئامىل ۋە سەۋەبلەرگە ئىشارەت قىلدى. بۇلاردىن بەزىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

* تۇرمۇش قۇرۇشۇم الله ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. يەنى، مۇسۇلمان بىر ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن، دەۋەتتىن ئىبارەت ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان، ھىدايەتنىڭ ئىزچىل ھالدا كېڭىيىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدىغان سالىھ پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۇرمۇش قۇرۇشۇم لازىم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ذُرِّيَّةً بَعْضُهَا مِن بَعْضٍ**﴾ ﴿ئۇ ئەۋلادلار بىر - بىرى بىلەن قانداشتۇر﴾[1].

* تۇرمۇش قۇرۇشتىكى مەقسىتىم كۆزۈمنى ۋە ئەۋرىتىمنى ھارامدىن ساقلاش، شۇنداقلا، پەرۋەردىگارىم الله تائالادىن قورقۇش بولۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇلارغا اللهنىڭ ياردەم قىلىشى ھەقتۇر. بىرى، الله يولىدا جىھاد قىلغۇچى؛ يەنە بىرى، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن توختام تۈزۈپ، پۇتۇشكەن پۇلنى ئادا قىلىشقا تىرىشقان قۇل؛ ئۈچىنچىسى، ئىپپىتىنى ساقلاشنى كۆزلەپ ئۆيلەنگۈچى»[2].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 34 – ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام يەنە مۇنــداق دېــگەن: «كىمكــى ئۆيلەنســە، دىنىنىــڭ يېرىمىنــى تولۇقلىغــان بولــدۇ. قالغــان يېرىمىنــى تولۇقلاش ئۈچۈن اللهتىن قورقۇشى كېرەك»[1].

* ھايات ئورتىقىم ۋە مەڭگۈلۈك رەپىقەم بولغان ئايالىمنى ياخشــى تاللىشىم لازىم. چۈنكى پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام بــۇ ھەقــتە مۇنــداق دېگەن: «پەرزەنتىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ ياخشى ئايــاللار بــىلەن تۇرمــۇش قۇرۇشقا تىرىشــىڭلار. چــۈنكى پەرزەنــت نەســلىنى تارتىــدۇ». يەنە بىــر رىۋايەتتە: «چۈنكى قان تومۇرنى تارتىدۇ» دېگەن. باشقا بىر رىــۋايەتتە: «تەڭتۇشۇڭلار بىلەن توي قىلىڭلار ۋە قىزىڭلارنىمۇ تەڭتۇشلىرىغا يــاتلىق قىلىڭلار!» دېگەن[2].

* باشــقىلاردەك پۇلــدار ۋە چىرايلىــق بولمىســىمۇ، ئەخلاقلىــق ۋە دىيانەتلىك ئايالنى تاللىشىم كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنى پەقەتلا جامــالى ئۈچــۈن ئەمرىڭلارغــا ئالماڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ جامــالى (تەكەببۇرلــۇق يۈزىــدىن) ئــۆزلىرىنى ھــالاك قىلىشــى مــۇمكىن. ئــۇلارنى پەقەتــلا پۇلــدار بولغــانلىقى ئۈچــۈن ئەمرىڭلارغــا ئالمــاڭلار. چــۈنكى ئۇلارنىــڭ بــايلىقى ئــۇلارنى ئاســىيلىق قىلىشــقا ئېلىــپ بېرىشــى مــۇمكىن. ئەكســىچە، ئــۇلارنى دىيانەتلىــك بولغــانلىقى ئۈچــۈن ئەمرىڭلارغــا ئــېلىڭلار. شــەك – شۈبھىســىزكى، دىيانەتلىك، ئەمما بۇرنىنىڭ ئۈچى كېسىۋېتىلگەن، قۇلۇقى يىرتىق قاپقــارا بىــر چــۆرە (دىيانەتلىــك بولمىغــان ھۆســنى _ جامــاللىق بىــر ئايالــدىن) ئەۋزەلدۇر»[3].

---

[1] ئىمام تەبەرانى «ئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

* ئۆيلىنىشتە اللهنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلىشىم، ئۇنىڭ غەزىپىدىن ۋە جازالىشىدىن قورقۇشۇم كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئايالنى ئۇنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتىنى دەپ ئەمرىگە ئالىدىكەن، الله ئۇنى تېخىمۇ خار قىلىۋېتىدۇ. كىمكى ئۇنى ئۇنىڭ بايلىقىنى دەپ ئەمرىگە ئالىدىكەن، الله ئۇنى تېخىمۇ كەمبەغەل قىلىۋېتىدۇ. كىمكى ئۇنى ئۇنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلىكىنى دەپ ئەمرىگە ئالىدىكەن، الله ئۇنى تېخىمۇ پەسكەشلەشتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر ئايالنى پەقەتلا كۆزىنى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاش ئۈچۈن ياكى تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمرىگە ئالىدىكەن، الله ئايالنى ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئايالى ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلىدۇ»[1].

- **ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى مەسئۇلىيەت:**

ئۆزەمگە ياخشى جۈپ تاللاپ توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ مېنىڭ ئايالىمغا قارىتا مەسئۇلىيىتىم تۈگەپ قالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆيلەنگەن شۇ لەھزىدىن باشلاپ تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەت يۈكلىنىشكە باشلايدۇ. دېمەك، مەن ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا نۇرغۇن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالغان بولىمەن. بۇ مەسئۇلىيەتلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

* ئايالىم بىلەن ئارىمىزدا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشىم ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار خوتۇن - باللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. ئاراڭلاردىن خوتۇن – باللىرىغا

[1] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى مەن بولىمەن»[1]؛ «ئەخلاقى ياخشى، خوتۇن – بالىلىرىغا كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلار ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىنلەردۇر»[2].

* ئايالىم ئىككىمىز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت پەقەتلا يوتقان مۇناسىۋتى بولۇپ قالماسلىقى، ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزئارا پىكرىي، روھىي ۋە ھېسسىي ئوخشاشلىق ئەمەلىيلىشىشى كېرەك. مەسىلەن، بىرلىكتە كىتاب ئوقۇيالىشىمىز، بەزى ئىبادەتلەرنى بىللە قىلىشىمىز، ئۆي ئىشلىرىنى بىللە تەرتىپلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئۇچۇن ئۆزئارا كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇن – چاقچاقلىشىش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ.

الله تائالا ئىبادەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ ﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن﴾[3]؛ ﴿وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا﴾ ﴿ئۇ (يەنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام) ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى﴾[4].

ئۆزئارا كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇن – چاقچاقلىشىشقا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن يۈگۈرۈشتە مۇسابىقە قىلاتتى. ئۆي ئىشىدا ياردەملىشىشكە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى، ھەتتا ئاياغ ياماش چاغلىق ئىشلارنىمۇ ئۆزى قىلاتتى.

---

[1] ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۇرە تاھا، 132 ـ ئايەت.

[4] سۇرە مەريەم، 55 – ئايەت.

* ئايالىم ئىككىمىز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياكى ئېلىنمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ئىسلامغا زىيانلىق بولماسلىقى، اﷲ هارام قىلغان ئىشلار بولماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئايالىنىڭ خاھىشىغا بويسۇندىكەن، اﷲ ئۇنى جەھەننەمگە دۇم چۈشۈرىدۇ»؛ «كىمكى خوتۇن – باللىرىنى جاھىل قويىدىكەن، اﷲنىڭ دەرگاھىغا ئەڭ چوڭ گۇناھ بىلەن بارىدۇ»[1]؛ «ئايالىنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەم هالاك بولۇپ كەتسۇن».

**• ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىمىز:**

ئەمەلىيەتتە، بىراۋنىڭ ياخشى ئايال بىلەن تېپىشىپ ئۆيلىنىشتە غەلىبە قىلىشى ئەر – خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىپ ئىسلامىي ھاياتتا ياشىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا، كەلگۈسىدە ئەۋلادلىرىنى ئىسلامىي تەربىيە بىلەن يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ياردەمچى بولىدۇ. لېكىن ئىسلامغا ئۇيغۇن ھالدا تۇرمۇش قۇرالماسلىق ۋە ياخشى ئايال تاللىيالماسلىق كىشىنى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ، ئۆۋي ئىچىدە مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان يامانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەر – خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن قانداقلىكى بىر تالاش - تارتىش ئۇدۇل ۋە ناھايىتى تېز ھالدا ئەۋلاد تەربىيىسىگە، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ قالاق يولغا مېڭىپ قېلىشى ۋە ئېزىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىسلامىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا تۇرمۇش قۇرۇش ئەۋلادلارنى ئىسلام تەربىيىسىدە تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى ئامىلىدۇر.

[1] «فىردەۋس» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى بايان قىلغان.

ئەمەلىيەتتە، ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇشتىن مەقسەت ياخشى ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾ ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلغىن) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن﴾[1].

ھەرقانداق بالا ئىسلام تەبىئىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ساغلام تەربىيە بىلەن تەربىيەلەنسە، ياخشى ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەمما بىر - بىرىگە قارشى، ئازغۇن ئاتا - ئانىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولسا، ئۇمۇ شۇلارغا ئوخشاش چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بالا ئىسلام تەبىئىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. كېيىن، ئۇنى ئۇنىڭ ئاتا – ئانىسى يا يەھۇدىي، يا خرىستىئان ۋەيا مەجۇسىي قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ»[2].

شۇ سەۋەبتىن، ئىسلام دىنى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەشنى قاتتىق جېكىلىدى. ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك شەرت – شارائىتلارنى، سەۋەب ۋە ئامىللارنى تولۇق ھازىرلاشنى تەكىتلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىشىنىڭ بالىسىغا ئەدەپ – ئەخلاق ئۆگىتىشى ئۇنىڭ بىر سا (ئۆلچەم بىرلىكى) يېمەكلىك سەدىقە بەرگىنىدىن ئەۋزەلدۇر»[3]؛ «بىر ئاتا بالىسىغا ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن ياخشى ئەخلاقتىن ئۈستۈن نەرسە

---

[1] سۈرە فۇرقان، 74 – بەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بېغىشلىيالمايدۇ»[1]؛ «ئەۋلادلىرىڭلارنى ئىززەتلەڭلار ۋە ئۇلارغا ئەدەپ – ئەخلاق ئۆگىتىڭلار»[2]؛ «ئىنسان ئۆلۈشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، پەقەت ئۈچ تۈرلۈك ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلمەي (ئۆلگەندىن كېيىنمۇ) داۋاملىق يېتىپ تۇرىدۇ. بىرى، سەدىقە جارىيە (يەنى مەسجىد، مەدرىس سالدۇرۇپ قويغانغا ئوخشاش، ئىنسانلارغا پايدىسى داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان خەيرلىك ئىشى)؛ يەنە بىرى، (دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەن) پايدىلىق ئىلىم؛ ئۈچىنچىسى، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت».

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

# بەشىنچى، نەپسى خاھىشىمنى يېڭىشىم كېرەك

كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، ئىنسانلارنىڭ نەپسى بىلەن ئېلىشىش تۈرلىرى، نەپسى خاھىش ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ چارىلىرى، نەپسى خاھىشىقا يېڭىلىشىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە شەيتانىنىڭ دەخلى – تەرۇز يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشىنىڭ چارىلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىنسان ئۆز نەپسى بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئېلىشىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە، يا نەپسىنى يېڭىدۇ، يا نەپسىگە يېڭىلىدۇ ۋەياكى بۇ جەڭ ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر داۋام قىلىپ، بەزىدە يېڭىدۇ، يەنە بەزىدە يېڭىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾ ﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «پىتنىلەر دىللارغا خۇددى بورىنىڭ چىۋىق تاللىرىدەك بىر - بىرلەپ تەڭلىنىدۇ. ئۇ پىتنىلەر قايسىبىر دىلغا تەسىر كۆرسەتسە، ئۇ دىلغا قارا بىر چېكىت ئۇرۇلىدۇ. قايسىبىر دىل ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئۇ دىلغا ئاق بىر چېكىت ئۇرۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى خىل دىل مەيدانغا كېلىدۇ. بىرى، مەرۋايىتتەك ئاپئاق بولۇپ، ھېچبىر پىتنە ئۇنىڭغا

[1] سۈرە شەمس، 7 – ئايەتتىن 10 – ئايەتكىچە.

زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. يەنە بىرى، قارىداپ كەتكەن قارا تاشتىنمۇ قارا بولۇپ، ياخشىلىقنىمۇ تونۇمايدۇ، يامانلىقنىمۇ تونۇمايدۇ»[1].

**ئىنسانلارنىڭ نەپسى خاھىشى بىلەن ئېلىشىش تۈرلىرى ئۈچتۇر:**

1. ئۇلار نەپسى خاھىشلىرىغا يېڭىلگەن كىشىلەر بولۇپ، دۇنياغا ۋە دۇنيا مېلىغا بېرىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار كاپىرلاردۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، اللهنى ئونتۇغان، اللهمۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردۇر. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللَّهُ عَلَى عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَى سَمْعِهِ وَقَلْبِهِ وَجَعَلَ عَلَى بَصَرِهِ غِشَاوَةً فَمَن يَهْدِيهِ مِن بَعْدِ اللَّهِ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، الله ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، الله قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، الله ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز - نەسىھەت ئالامسىلەر؟﴾[2]

2. نەپسى خاھىشلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىدىغان، ھاۋايى — ھەۋەسلىرى بىلەن ئېلىشىدىغان، بەزىدە يېڭىپ، يەنە بەزىدە يېڭىلىدىغان، خاتالاشقاندىن كېيىن تەۋبە قىلىدىغان، گۇناھ ئىشلەپ قالسا، دەرھال پۇشايمان قىلىپ اللهتىن مەغپىرەت تىلەيدىغان كىشىلەردۇر. الله تائالا بۇ خىلدىكى كىشىلەر ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ**﴾ ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللهنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە جاسىيە، 23 — ئايەت.

كەچۈرىدىغان اللهتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئىنسان خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[2].

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھتىن مۇشۇ مەنىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر رىۋايەت بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: "بىر كۈنى، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالامغا ئىبلىس يولۇقۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يەھيا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

_ قېنى ئېيتىپ باققىنچۇ؟ سىلەر (شەيتانلار)نىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى نەچچە خىل بولىدۇ؟ - دەپتۇ. ئىبلىس ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

_ ئۈچ خىل تەبىئەتلىك بولىدۇ. بىرى، ساپ ئوخشاش گۇناھسىز پاك تەبىئەتلىك ئىنسانلار بولۇپ، بىز ئۇلارغا ھېچنېمە قىلالمايمىز؛ يەنە بىرى، خۇددى سىلەرنىڭ باللىرىڭلارنىڭ قولىدىكى توپقا ئوخشاش دۈگىلەك تەبىئەتلىك ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدا. بىز ئۇلارنى خالىغانچە ئوينىتىمىز. ئۈچىنچى خىل تەبىئەتلىك ئىنسانلارغا كەلسەك، بىزنىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇشىمىز ئىنتايىن قىيىن. چۈنكى بىز ئۇلاردىن بىرىگە يېقىنلىشىپ، ئەمدىلا ئازدۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا دەرھال تەۋبە قىلىپ، بىزنىڭ ئۇنى مىڭ جاپادا ئازدۇرغان خىزمىتىمىزنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىز يا ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزەلمەيمىز، يا ئۇنى ئازدۇرالمايمىز".

**نەپسى خاھىش ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ چارىلىرى:**

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 135 – ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بىرىنچى چارە قەلب بولۇپ، ئەگەر قەلب تىرىك، يۇمشاق، پاك، (ھەقتە) چىڭ (تۇرىدىغان) ۋە نۇرلۇق بولسا، نەپسى خاھىشىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "اللہ تائالانىڭ زېمىندا قاچىلىرى بار بولۇپ، بۇ قاچىلار قەلبلەردىن ئىبارەت. اللہ ئەڭ يۇمشاق، ئەڭ پاك ۋە ئەڭ چىڭ قەلبلەرنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ".

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "يەنى، دىندا ئەڭ چىڭ تۇرىدىغان، ئەقىدىدە ئەڭ پاك ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ئەڭ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغان قەلب".

ئۇ يەنە باشقا بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: "مۇئمىنىنىڭ قەلبى پاك بولۇپ، ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇر بار. كاپىرنىڭ قەلبى قاپقارا بولۇپ، ئەتراپىنى تېخىمۇ قاراغۇلاشتۇرىۋېتىدۇ"[1].

قۇرئان كەرىم مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى تەسۋىرلەپ: ﴿**إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ**﴾ ﴿پەقەت اللہ ياد ئېتىلسە، دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللہنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر﴾[2] دېگەن بولسا، كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ**﴾ ﴿ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ﴾[3]؛ ﴿**أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى**

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەنفال، 3 – ئايەت.
[3] سۈرە ھەج، 46 ـ ئايەت.

قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا﴾ ﴿ئۇلار قۇرئاننى پىكىر - تەدەببۇر قىلمامدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ دىللىرى قۇلۇپلىنىپ كەتكەنمۇ؟!»[①]

ئىككىنچى چارە ئەقىل بولۇپ، ئىنسان ئەقىل ئارقىلىق شەيئىلەرنى چۈشىنىدۇ، ياخشى بىلەن ياماننى بايقايدۇ، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدۇ، اللهقا يېقىنلاشتۇرىدىغان، اللهنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئىلاھىي قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاء إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ﴾ ﴿اللهنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللهتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[②].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ نېمەتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ياراتقان نەرسىلەر ئىچىدە ئەقىلدەك قىممەتلىك نەرسە يوق»[③].

ئۇ يەنە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار اللهقا ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىپ يېقىنلاشسا، سەن ئۇنىڭغا ئەقلىڭ بىلەن يېقىنلاشقىن».

ئۇ يەنە باشقا بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر ئادەم ئەقىلدەك ئىگىسىگە يول كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنى كەلگۈسى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدىغان پەزىلەتلىك بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[④].

شۇ سەۋەبتىن، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىپ، دىندا ئالىم بولۇشقا تەرغىب قىلىدۇ. ئەقىل بۇ ئىلىملەرنىڭ سايىسىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «الله بىرەر

---

[①] سۈرە مۇھەممەد، 24 – ئايەت.

[②] سۈرە فاتىر، 28 - ئايەت.

[③] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[④] «جامئۇسسەغىر» ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلىنغان.

بەندىسىگە ياخشىلىق بېرىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ»[1]؛ «ئالىمنىڭ ئابىدقا بولغان پەزىلىتى مېنىڭ ساھابىلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئادەمگە بولغان پەزىلىتىمگە تەڭ»[2].

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىمنىڭ بىباھا قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ دىللىرىدا ئىماننىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كائىناتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، مۇئمىننىڭ ئەقلى ياخشى بىلەن يامانىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ۋە توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇ، شەيئىلەرگە اللهنىڭ نۇرى بىلەن نېپىز پەردە ئارقىسىدىن نەزەر سالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن لَّمْ يَجْعَلِ اللَّهُ لَهُ نُورًا فَمَا لَهُ مِن نُّورٍ﴾ ﴿الله نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ﴾[3].

گۇناھ ئىشلەش، گۇناھ ئىشلەشنى داۋام قىلىش ۋە ئۇنى جار سېلىش، ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلماسلىق قاتارلىق ئىللەتلەر ئەقىل نۇرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى گۇناھ ئىشلىسە، ئۇنىڭ ئەقلى (نىڭ بىر پارچىسى) ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قايتمايدۇ»[4]؛ «ئەگەر شەيتانلار ئىنسانلارنىڭ دىللىرى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرمىسە ئىدى، ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىنى كۆرگەن بولاتتى»[5].

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە نۇر، 40 – ئايەت.

[4] بۇ رىۋايەتنىڭ ئەسلى مەنبەسى مەلۇم ئەمەس.

[5] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ، يولدا بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ قالدىم – دە، ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قارىدىم ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق ئايال ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدىم. كېيىن مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ:

ــ ئاراڭلارغا كۆزلىرىدىن زىنانىڭ ئەسىرى يېغىپ تۇرىدىغانلارمۇ كىرىدۇ. نامەھرەم ئايالغا قاراشنىڭ كۆز زىناسى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ دەھال تەۋبە قىلغىن، بولمىسا ساڭا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن:

ــ پەيغەمبەردىن كېيىن ۋەھيىمۇ كەلدى؟ - دېگەن ئىدىم، ئۇ:

ــ ياق، ۋەھيى كەلمىدى. لېكىن يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئۆتكۈر ۋە پاراسەتلىك ئىنسانلارمۇ بار، - دېدى".

**نەپسى خاھىشقا يېڭىلىشنىڭ ئالامەتلىرى:**

ئىنسانىنىڭ ئەقلى ئۆلگەن ياكى دىلى قاتتىقلىشىپ كەتكەن، ئەقلىنىڭ نۇرى ئۆچكەن ياكى بۇرمىلىنىپ كەتكەن، شۇنداقلا، شەيتان بىلەن ئېلىشىپ يېڭىلىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ھەر تۈرلۈك يامانلىقلار قاپلىۋالىدۇ. چۈنكى شەيتان ئىنسانلارنىڭ قان تومۇرىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بولۇپمۇ، ئىنسان تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى يوقاتقان ۋە روھىي دۇنياسىنى قوغدىيالماس ھالغا كېلىپ قالغان چاغدا شەيتان ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ الشَّيْطَانُ فَأَنسَاهُمْ ذِكْرَ اللَّهِ أُوْلَئِكَ حِزْبُ الشَّيْطَانِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ الشَّيْطَانِ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلدى، (شەيتان) ئۇلارغا اللهنىڭ زىكرىنى ئۇنتۇلدۇردى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[1]؛ ﴿قَالَ فَبِمَا

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 19 – ئايەت.

**أَغْوَيْتَنِي لأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ . ثُمَّ لآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ** ﴿ئىبلىس ئېيتتى: سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭىدىن، سولىدىن ۋە ھەممە تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىمەن﴾[1].

نەپسى خاھىشىغا يېڭىلگۈچىلەر گىرىپتار بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك كېسەل ۋەسۋەسە كېسىلى بولۇپ، شەيتان ئۇلارنى اللهنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى پۈتۈن ئىشلىرىدا ۋەسۋەسە سالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەيتان ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ بارلىق يوللىرىنى توسۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇش يولىنى توسۇپ: "سەن قانداقمۇ ئۆزەڭنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولىسەن؟" دەيدۇ. لېكىن ئىنسان ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي مۇسۇلمان بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ھىجرەت يولىنى توسۇپ: "سەن ئۆزەڭنىڭ يەر - زېمىنىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلماقچىمۇ؟" دەيدۇ. لېكىن ئىنسان ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي ھىجرەت قىلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ جىھاد يولىنى توسۇپ: "سەن جىھادقا چىقامسەن؟ ئۇ دېگەن جاننى ۋە مالنى پىدا قىلىدىغان جاپالىق ئىش. ئۇرۇشقا قاتناشساڭ، ئۆلۈپ كېتىسەن، خوتۇنىڭنى باشقىلار ئېلىۋالىدۇ، ماللىرىڭنى باشقىلار بۆلۈشۈپ كېتىدۇ" دەيدۇ. لېكىن ئىنسان ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي جىھاد قىلىدۇ. كىمكى شەيتانغا ئەگەشمەي ئاشۇنداق قىلىپ ئۆلۈپ كەتسە، الله ئۇنى جەننەتكە چوقۇم كىرگۈزىدۇ»[2].

---

[1] سۈرە ئەئراف، 16 – ۋە 17 - ئايەتلەر.

[2] ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ھۆرمەتلىك ئوقـۇرمەن الله تائالانىــڭ: ﴿كَمَثَلِ الشَّيْطَانِ إِذْ قَالَ لِلْإِنسَانِ اكْفُرْ فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِّنكَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ رَبَّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿ئـۇلار (يەنــى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشتا) شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئـۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دېدى. ئىنسـان كـاپىر بولغـان چاغـدا، شــەيتان: «مەن ســەندىن ئـادا - جـۇدامەن، مەن ھەقــقەتەن ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىگــارى اللهتـــن قــورقىمەن» دېــدى﴾[1] دېــگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغان «شەيتان بىــلەن بەنــى ئىســرائىللىق بىر راھىب» ھەققىدىكى قىسسىنى كاشكى ئوقۇسا ئىدى – ھە!

**شــەيتاننىڭ دەخلــى – تەرۇز يەتكۈزۈشــدىن ساقلىنىشــنىڭ چارىلىرى:**

شەك – شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنــى شــەيتاننىڭ ھۇجۇملىرىغـا ۋە ئىبلىسنىڭ تەلىماتلىرىغا قارشــى ئىنســاننىڭ كـۈرەش قىلىشــغا يـاردەم قىلىش ئۈچـۈن ئۇنىڭغـا نۇرغـۇن تەلىمـاتلارنى كۆرسـەتكەن بولـۇپ، بـۇ تەلىمـاتلار ئۇنىــڭ شــەيتان بىــلەن ئېلىشــقاندا مۇســتەھكەم تۇرۇشــغا يـــاردىمى تېگـــدۇ ۋە ئـــۇنى ئەڭ ئەشـــەددى دۈشـــمىنىنى يـــېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. سالىھ كىشىلەردىن بىرى شەيتاننى يـېڭىش چارە – تەدبىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ مۇنـداق دېـگەن ئىـكەن: "مەن شەيتاننىڭ ئىنسانغا قايسى دەرۋازىلاردىن يېقىنلىشىدىغانلىقى ھەققــدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇنۇ ئون دەرۋازىدىن يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بايقىدىم:

1- دەرۋازا ئاچكۆزلۈك ۋە يامان گۇمان قىلىش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغـا اللهقا قەتئىي ئىشــەنچ بـاغلاش ۋە الله بەرگەن رىزىققـا قانـائەت قىلىــش بىلەن قارشى تۇردۇم.

[1] سۈرە ھەشر، 16 - ئايەت.

2- دەرۋازا ياشاشنى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ياخشى كۆرۈش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەش بىلەن تاقابىل تۇردۇم.

3- دەرۋازا راھەت – پاراغەتكە ۋە پاراۋان تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا نېمەتلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى قولدىن كېتىدىغانلىقىنى ۋە ھېسابىنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئەسلەش بىلەن قارشى تۇردۇم.

4- دەرۋازا ئۆزگە تەمەننا قويۇش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئۆزەمگە بېرىلگەن نېمەتنى ئەسلەش ۋە يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئەنسىرەش بىلەن قارشى تۇردۇم.

5- دەرۋازا ئىنسانلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلماسلىق بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى تونۇش بىلەن قارشى تۇردۇم.

6- دەرۋازا ھەسەت قىلىش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا الله بەرگەن رىزىققا قانائەت قىلىش ۋە اللهنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى تەقسىماتىغا رازى بولۇش بىلەن قارشى تۇردۇم.

7- دەرۋازا رىياكارلىق ۋە كىشىلەرنىڭ ماختىنىشىنى تەمە قىلىش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن قارشى تۇردۇم.

8- دەرۋازا بېخىللىق بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى تۈگەيدىغانلىقىغا، پەقەت اللهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئەبەدىي قالىدىغانلىقىغا ئەقىدە قىلىش بىلەن قارشى تۇردۇم.

9- دەرۋازا چوڭچىلىق قىلىش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا كەمتەر بولۇش بىلەن قارشى تۇردۇم.

10- دەرۋازا تەمەخورلـــۇق بولـــۇپ، مەن ئۇنىڭغـــا اللهنىـــڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەرگە ئىشەنچ باغلاش ۋە ئىنسانلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەرگە كۆز تىكمەسلىك بىلەن قارشى تۇردۇم.

شەيتاننىڭ نىشـانى بولۇشـتىن ۋە ئۇنىــڭ ھىـيلە - مىكىرلىرىـدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى تەكىتلىگەن ئەڭ مـۇھىم تەلىمـاتلاردىن بىرى شۇكى، كىشى ھەرقانداق ئىشنى باشـلىغاندا اللهنىـڭ نـامى بىـلەن (يەنــى بىســمىللاس دېـيىش بىــلەن) باشلىشــى لازىــم. ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىسسە رىۋايەت قىلىنغان:

"بىــر كــۈنى، مۇئمىننىــڭ شــەيتىنى بىــلەن كاپىرنىــڭ شــەيتىنى ئۇچرىشــىپ قــاپتۇ. قارىســا، كاپىرنىــڭ شــەيتىنى ناھــايىتى ســېمىز، چــاچلىرىنى مايلىۋالغــان ۋە كىيىملىــرى ســالاپەتلىك ئىــكەن. ئەممــا مۇئمىننىڭ شەيتىنى بەكمۇ ئورۇق، چاچلىرى چۇۋۇلغان، توپـا باسـقان ۋە يالىڭــاھ تۇرغىــدەك. بــۇنى كــۆرگەن كاپىرنىــڭ شــەيتىنى مۇئمىننىــڭ شەيتىنىغا:

_ ساڭا نېمە بولدى؟ شۇنچىلا ئورۇقلاپ كېتىپســەنغۇ!؟ - دەپتــۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇئمىننىڭ شەيتىنى ئۇنىڭغا مۇنۇ جاۋابنى بېرىپتۇ:

_ مېنىڭ ھەمراھىم شۇنداق بىر ئادەمكى، ئەگەر ئـۇ بىــرەر نەرســە يېسە اللهنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ (يەنى بىســمىللاھ دەيــدۇ)، شــۇنىڭ بىلەن مەن ئاچ قالىمەن. ئەگەر ئـۇ بىــرەر نەرســە ئىچســە يەنە اللهنىــڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇسسـۇز قــالىمەن. نــاۋادا ئـۇ بىرەر كىيىم كىيسە يەنە اللهنىڭ ئىسمىنى تىلغــا ئالــدۇ، شــۇنىڭ بىــلەن مەن يالىڭاچ قالىمەن. ئەگەر ئۇ چېچىنى مايلىسا يەنە بىسمىللاھ دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ چۇۋۇق ھالــدا قالــدۇ. كاپىرنىــڭ شــەيتىنى ئۇنىــڭ جاۋابىدىن ئەجەپلىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ مېنىڭ ھەمراھىم شۇنداق بىر ئادەمكى، ئۇ سېنىڭ دېگەنلەرنىڭ ھېچبىرىنى قىلمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ۋە كىيىم - كېچىكىگە شېرىك بولىمەن، - دەپتۇ".

شەيتاننىڭ دەخلى – تەرۇز يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرىدىن يەنە بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

❖ گەرچە خالىس ۋە ھالال مالدىن كەلگەن تەقدىردىمۇ، قورساقنى بەك تويغۇزىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُواْ﴾ ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار﴾[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، شەيتان ئىنساننىڭ تومۇرلىرىدا قاندەك ئايلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئاچلىق بىلەن ئۇنىڭ يولىنى تار يەرگە قىستاڭلار»[②].

❖ قۇرئان ئوقۇش، اللهنى ياد ئېتىش ۋە اللهتىن تەۋبە - ئىستىغپار تىلەش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەيتان نەيچىسىنى ئىنساننىڭ قەلبى ئۈستىگە قويىدۇ. ئەگەر ئىنسان اللهنى ياد ئەتسە، شەيتان نەيچىسىنى ئۇنىڭ قەلبىگە پاتۇرالمايدۇ. ناۋادا ئىنسان اللهنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالسا، شەيتان نەيچىسىنى ئۇنىڭ قەلبىگە پاتۇرىدۇ»[③].

❖ ئىشلارنى بېجىرىشتە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق ۋە تەمكىن بولۇش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئالدىراقسانلىق شەيتاندىن، تەمكىنلىك اللهتىندۇر».

---

[①] سۈرە ئەئراف، 31 – ئايەت.

[②] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[③] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا رىۋايەت قىلغان.

بۇ كىچىك رىسالىمىزدە شەيتاننىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن چارە – تەدبىرلەر ۋە قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنىڭ ھەممىنى بايان قىلىپ بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى يېتەرلىك: ﴿إِنَّ الَّذِينَ اتَّقَواْ إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبْصِرُونَ﴾ ﴿تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، اللّٰهنى ئەسلەيدۇ - دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ﴾[1].

[1] سۈرە ئەئراف، 201 - ئايەت.

## ئالتىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى پارلاق ئىكەنلىكىگە چىن دىلىمدىن ئىشىنىشىم كېرەك.

كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، ئىسلام نىزامىنىڭ ئىلاھىي پەرۋىش قىلىش روھىغا ئىگە ئىكەنلىكى، خەلقئارالىق ئىكەنلىكى، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارايدىغانلىقى، ھەممىگە شامىل ئىكەنلىكى قاتارلىق نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىسلامغا بولغان ئىمانىم مەندىن بۇ دىنىنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشىنىشىمنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى الله تەرىپىدىن كەلگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇشقا، ئىنسانىيەتنى يېتەكلەشكە ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئەڭ لايىق، ئەڭ مۇۋاپىق دىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى تەلەپلىرىنى ناھايىتى رەتلىك ھالدا بىر تەرەپ قىلىدىغان بىردىنبىر تۈزۈمدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ ﴿مەخلۇقاتنى ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

**ئىسلام نىزامىنىڭ ئىلاھىي پەرۋىش قىلىش روھىغا ئىگە ئىكەنلىكى:**

ئىسلام دىنى ئىلاھىي پەرۋىش قىلىش روھىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بارلىق

[1] مۇلك سۈرىسى 14-ئايەت

ئويدۇرما نىزاملاردىن ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ھەر زامان، ھەر ماكان ۋە ھەممە مەيدانلاردا ئۇيغۇن كېلىدىغان، مەۋجۇدىيىتىنى مەڭگۈ داۋام قىلدۇرىدىغان بىردىنبىر دىن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق — ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**ئىسلام نىزامىنىڭ خەلقئارالىق ئىكەنلىكى:**

ئىسلام دىنى ئىنسانپەرۋەرلىك خۇسۇسىيەت بىلەن، ئىنسانلارغا كېڭىيىش، شۇنداقلا، كېڭىيىش ۋەزىپىسىنى ئىزچىل يۈرگۈزۈشكە قادىر بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن چەمبەرچاس مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئىنسانلار ئىچىدىكى ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق ۋە گۇرۇھۋازلىقتەك ناچار ئىللەتلەرنى تۈپتىن تۈگىتىپ، خەلقئارالىق دىن ئىكەنلىكىنى دادىل ھالدا جاكارلايدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كېڭىيىش، ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ۋە ئىنسانپەرۋەر بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى ئىلاھىي پەرۋىش قىلىش روھىدىن كېلىپ چىققان.

**ئىسلام نىزامىنىڭ مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارايدىغانلىقى:**

ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەسىدىكى يېڭى — يېڭى مەسىلىلەرگە، تۈرلۈك — تۈرلۈك ۋە ساناقسىز قىيىنچىلىقلارغا ئەتراپلىق قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئېنىق دەلىلى بولمىغان مەسىلىلەردە شەرىئەتنىڭ قىياس (ئوخشاش تېپىلگەن دەلىلى يوق بىر مەسىلىنى دەلىلى بار بىر مەسىلىگە قىياس قىلىش)، مەسلەھە مۇرسەلە (ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش)، ئىستىھسان (ياخشى دەپ قاراش)غا ئوخشاش دەلىللىرىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

**ئىسلام نىزامىنىڭ ھەممىگە شامىل ئىكەنلىكى:**

ئىسلام دىنى يەر يۈزىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، مۇددىئا ۋە مەقسەتلىرى

چەكلىك ھەرقانداق ئويدۇرما نىزام، تۈزۈم ۋە پرىنسىپلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھەممىدىن خەۋەردار، ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ نېمىگە ھاجىتى بارلىقىنى، نېمىنىڭ ئۇلارغا پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى نېمە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈپ، نېمىنىڭ بەختسىزلىككە يولۇقتۇرىدىغانلىقىنى بىلگۈچى زات الله بەلگىلىگەن نىزامدۇر. شۇڭلاشقا، ئىسلام قانۇن - تۈزۈملىرى ئىنسانىيەتنىڭ يەككە ۋە جامائەتچىلىك ھاياتىدىكى ئېھتىياجلىرىنى، قانۇن بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىشقا ئالاقىدار ئىشلىرىنى، تاشقى ۋە ئىچكى پۈتۈن مەسىلىلىرىنى تولۇق ھەل قىلىپ بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿صِبْغَةَ اللّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُ عَابِدونَ﴾ ﴿اللهنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، اللهنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز اللهقا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز﴾[1].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 138 - ئايەت.

## يەتتىنچى، ئىنسانلار ئۆزلىرى تۈزىۋالغان قانۇن-نىزاملارنىڭ يېتەرسىز ۋە نۇقسانلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئويدۇرما قانۇن ۋە نىزاملار، مەيلى ئۇ كاپىتالىستىك ياكى دېموكراتىك ۋە ئەركىنلىك سىستېمىسىدا بولسۇن، مەيلى سوتسىيالىستىك ياكى كوممۇنىستىك سىستېمىسىدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىلاھىي كۈچ تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، دائىرىسى چەكلىك، يېتەرسىز ۋە ئاجىز بولغانلىقى، شۇنداقلا، زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماقتا. مېنىڭ (يەنى ھەربىر ئىمانلىق مۇسۇلمان) بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىشىم كېرەك. بىز بۇ يەردە، ئاشۇ قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئەسكىرى مەيدانلاردا مەغلۇب بولغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### ئىجتىمائىي مەيدان:

دۇنيادا يۈرگۈزۈلىۋاتقان تۈزۈملەر مەيلى ئوڭچىلارنىڭ ياكى ئۆكتىچىلەرنىڭ بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلارنىڭ بەخت – سائادىتى، ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مەغلۇپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ بەختسىزلىكىگە ۋە ھاياتلىرىنىڭ نابۇت بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. چۈنكى ئائىلە ۋە جەمئىيەت مۇناسىۋىتى ۋەيران بولدى، ئەدەپ ـ ئەخلاق بۇزۇلدى، قىممەت قاراش ۋە گۈزەل ئەخلاق ئەنئەنىلىرى يوقالدى. ئامانلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ ئورنىنى ئەنسىزلىك ۋە مۇقىسىزلىق قاپلىدى. ئۆزئارا ياردەملىشىش،

باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، شۇنداقلا، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ ئورنىنى مەنمەنچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك ئىگەللەپ كەتتى.

**ئىقتىسادىي مەيدان:**

مەيلى كاپىتالىستىك تۈزۈم بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك تۈزۈم بولسۇن، بۇ تۈزۈملەر دۇنيانى جەننەت ھالىغا كەلتۈرۈش، ھەممە تەڭ ياشاش ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئەكسىچە، سىنىپىي ئايرىمىچىلىق، ئىجتىمائىي زۇلۇم، پارتىيىۋازلىق، بېسىمدارلىق قىلىش، كەمبەغەللىك، ئىشسىزلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كۆڭۈلسىزلىك قىيىنچىلىقلار مانا مۇشۇ ئىككى تۈزۈمنىڭ سايىسىدا يۈز بەرمەكتە.

**سىياسىي مەيدان:**

دېموكراتىك تۈزۈم، ئەسكىرىي تۈزۈم، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى، پادىشاھلىق تۈزۈمى، رەئىسلىك (زوڭتۇڭلۇق) تۈزۈمى ۋە پارلامېنت تۈزۈمى قاتارلىق بۇ تۈزۈملەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سىياسىي ھايات سەھنىسىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇزۇقچىلىق ۋە ئازغۇنلۇقلارنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسىدۇر. چۈنكى بۇ تۈزۈملەرنىڭ خۇيپەيلى پىتنە — پاسات تېرىش، قەتلىئام قىلىش، قوزغىلاڭ چىقىرىش، ئىنقىلاب قىلىش، ھوقۇق تالىشىش، سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق يامانلىقلاردىن ئىبارەت. ئىشغال قىلىۋېلىش، ئەسىر لاگېرى قۇرۇش، پارىخورلۇق قىلىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشتەك رەزىل قىلمىشلارنى ئۆزىگە تەبىئىي ماركا قىلىپ كەلمەكتە.

**ئەسكىرىي مەيدان:**

بۇ نىزام ۋە تۈزۈملەر كەشمىر، شەرقىي تۈركىستان، ھەبەشىستان، ئېرىترىيە، پىلىپپىن خەلقلىرىگە ئوخشاش ئېزىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرىگە سەل قارىغانلىقى، بولۇپمۇ، پەلەستىن مەسىلىسىگە كۆز

يۇمغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىم ئەسىردىن بويان بۇ مەسىلىلەرنى بازارغا سېلىپ تىجارەتكە ئايلاندۇرىۋالغانلىقى، خۇسۇسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قوللانغانلىقى قاتارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇسۇلمانلار قايسى مىللەتكە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ نىزام ۋە تۈزۈملەر ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى تۇرۇپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشى، ئىسرائىلدىن ئىبارەت ئىسلام دۈشمىنىنى پەلەستىندىن قوغلاپ چىقىرىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىشى لازىم.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## ئىسلامىي ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشۇم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

**ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ كىرىش سۆزى**

**بىرىنچى، ئىسلام ئۈچۈن ياشىشىم كېرەك.**

**ئىككىنچى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك.**

**ئۈچىنچى، ئىسلام ھەرىكىتى؛ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەييارلىقلىرى.**

**تۆتىنچى، ئىسلامىي خىزمەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى ياخشى چۈشىنىشىم كېرەك.**

**بەشىنچى، ئىسلامىي ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشىنىڭ نەقەدەر قىيىن مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىم كېرەك.**

**ئالتىنچى، ئىسلامىي خىزمەتنىڭ نۇقتىلىق پرىنسىپلىرىنى ياخشى بىلىشىم كېرەك.**

**يەتتىنچى، بەيئەت قىلىش ۋە ئەزا بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئىگەللىشىم كېرەك.**

# ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ كىرىش سۆزى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىگە: «ئىسلامىي ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشۇم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟» ناملىق تېما باش ماۋزۇ قىلىنغان بولۇپ، كىتابنىڭ بۇ بۆلۈمى ئىسلامغا توغرا شەكىلدە مەنسۇپ بولغان (يەنى ھەقىقىي رەۋىشتە مۇسۇلمان بولغان) ھەربىر كىشىدە تولۇق تېپىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، بىراۋنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشى ئاساسەن ئۇنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقىنى (يەنى ھەقىقىي رەۋىشتە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى) كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈپەت ۋە شەرتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە باغلىقتۇر. شۇڭا، ئىسلام ھەرىكىتى بىراۋنى ئۆزىگە ئەزا قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ھەقىقىي مۇسۇلمان قىلىپ تەييارلاشقا ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئىسلامغا مەنسۇپ بولۇش ئاساس قىلىنىدۇ. ئەمما ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇش بولسا، بۇ دىنغا مەنسۇپ بولغانلىقنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىزھار قىلىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغان جۈزئىي مەسىلىدۇر.

يېگانە اللهلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر، پەقەت ئۇنىڭدىنلا مەدەت تىلەيمىز!

ئاپتۇر

# بىرىنچى، ئىسلام ئۈچۈن ياشىشىم كېرەك

كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ پەقەتلا دۇنيالىق ئۈچۈن ياشىسا، يەنە بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك ئارىسىدا تېڭىرقاپ ياشايدىغانلىقى، يەنە بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئېكىنزارلىق دەپ بىلىدىغانلىقى، قانداق ياشىسام ئىسلام ئۈچۈن ياشىغان بولىمەن؟ ئىسلام ئۈچۈن ياشايدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ قاتارلىق نۇقتىلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقىم خۇددى ماڭا ئىمان، ئىبادەت ۋە ئەخلاق جەھەتلەردە ئالدى بىلەن ئۆزەمنىڭ، ئاندىن بارلىق ئائىلە ئەزالىرىمنىڭ ئىسلامىي ھاياتتا ياشىشىمىزنى كېرەكلىك قىلغىنىدەك، ئىسلام ئۈچۈن ياشىشىمنى، بارلىق ھاياتىمنى ئىسلام ئۈچۈن ئاتىشىمنى، پۈتۈن كۈچ – قۇدرىتىم ۋە ئىمكانىمنى ئىسلام سەلتەنىتىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە شانۇشەۋكەت قازىنىشى ئۈچۈن بېغىشلىشىمنى ھەم كېرەكلىك قىلىدۇ.

دۇنيادىكى ئىنسانلار ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۆزەمنىڭ قايسى تۈردىكى ئىنسان ئىكەنلىكىمگە ئوبدان قاراپ چىقىشىم كېرەك؟

**پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈن ياشايدىغانلار:**

بۇ خىلدىكى ئىنسانلار ھەم رېئاللىق ھەم ئىدىيە جەھەتتىن ماتېرىيالىستتۇر. قۇرئان كەرىم بۇ خىلدىكى ئىنسانلارنى "دەھرىيلەر" دەپ ئاتىغان: ﴿وَقَالُواْ إِنْ هِيَ إِلاَّ حَيَاتُنَا الدُّنْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ﴾ «ئۇلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن

تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دەيدۇ﴾[1]؛ ﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ وَمَا لَهُم بِذَلِكَ مِنْ عِلْمٍ إِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز (دەيدۇ)». ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ﴾[2].

كۇنىمىزدىكى كوممۇنىستلار، ئۇلارنىڭ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇش سەپسەتىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئەلمانىي گۇماشتىلىرى "دەھرىيلىك" ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققان. شۇ سەۋەبتىن، لېنىن بىر پەيلاسوپنىڭ: "كائىناتنى تەڭرى ياكى ئىنسان ياراتقىنى يوق. ئۇ ئەزەلدىن بار ئىدى، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق داۋام قىلىدۇ. ئۇ، مۇئەييەن قانۇنلارغا بىنائەن ھەم نۇر چاچىدىغان ھەم نۇرى ئۆچۈپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك يورۇقلۇقتۇر" دېگەن سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ: "بۇ، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بەدىئىي قىممەتكە ئىگە چۈشەندۈرۈش ئىكەن" دەپ باھا بەرگەن ئىدى.

ئەگەر ئىنسان دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغان يەنە بىر دۇنيانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈنلا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەقەت دۇنيا ئۈچۈن ياشايدۇ، دۇنيا ئۈچۈن ھېرىپ - تالىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرىدۇ. ئاخىرىدا، دۇنيا ھەلەكچىلىكىگە، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنئام، 29 – ئايەت.

[2] سۈرە جاسىيە، 24 - ئايەت.

**دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك ئارىسىدا تېڭىرقاپ ياشايدىغانلار:**

بۇ خىلدىكى ئىنسانلار ئاۋام خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى تېڭىرقاش ئىچىدە ئۆتىدۇ، دۇنيا ھاياتىدىكى ئەمەللىرى زايا بولۇپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايدۇ. گەرچە ئۇلار اللهقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزەكى ۋە شەكلى بولۇپ، ئەمەلىي رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي يىراق. چۈنكى ئۇلار بەزى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ماتېرىيالىستتۇر. بىر شائىر: "دىنىمىزنى پارچىلاپ دۇنيالىقىمىزغا ياماق سالىمىز، ئاخىرى دىنىمىزمۇ، ياماق سالىدىغان دۇنيالىقىمىزمۇ قالمايدۇ" دەپ بېيىت ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تولىمۇ توغرا تەسۋىرلىگەن.

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا «خەلقنى نېمىگە دەۋەت قىلىمىز؟» ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دېگەن: "قۇرئان كەرىم ھاياتلىقنىڭ غايىلىرىنى، ئىنسانلارنىڭ ياشاشتىكى مەقسەتلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ، بەزى ئىنسانلارنىڭ ھاياتتىكى بارلىق غايىسىنىڭ پەقەتلا يەپ - ئىچىش ۋە دۇنيا نېمەتلىرىدىن بولۇشىغا بەھرىمەن بولۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ**﴾ ﴿كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ - ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[1] .

قۇرئان كەرىم بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ دۇنيا زىبۇزىننەتلىرىگە، يەنى مال – ماتالىرىغا بېرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ**

[1] سۈرە مۇھەممەد، 12 – ئايەت.

**الْمَآبِ**﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللهنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)﴾[1].

قۇرئان كەرىم يەنە بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى ئىشى پەقەت پىتنە تېرىش، يامان ئىشلارنى پەيدا قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمِنَ النَّاسِ مَن يُعْجِبُكَ قَوْلُهُ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيُشْهِدُ اللّهَ عَلَى مَا فِي قَلْبِهِ وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ . وَإِذَا تَوَلَّى سَعَى فِي الأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيِهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ وَاللّهُ لاَ يُحِبُّ الفَسَادَ**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) اللهنى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ). ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). الله بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[2].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 14 - ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 204 – ۋە 205 – ئايەتلەر.

مانا بۇلار ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى مەقسەت – مۇددىئالىرى بولۇپ، الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش غايە - مەقسەتلەردىن پاك ۋە ئادا – جۇدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇنداقلا، ئۇلارغا ئەڭ ئالىي ۋە ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنى يۈكلىدى. بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھەق يولىغا يېتەكلەش، خەيرلىك ئىشلاردا ئاۋام خەلققە باشلامچىلىق قىلىش ۋە پۈتۈن دۇنيانى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

**دۇنيانى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئېكىنزارلىق دەپ بىلىدىغانلار:**

بۇ خىلدىكى ئىنسانلار ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار ئاخىرەتلىك ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىيالىغىنىدەك، بۇ ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىمۇ ياخشى چۈشەنگەنلەردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلاَّ لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَلَلدَّارُ الآخِرَةُ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ**﴾ ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاخىرەت ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1]

دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۇلارنى ئەسلى يارىتىلىشتىكى غايىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن مەشغۇل قىلىپ قويالمايدۇ ياكى توسۇپ قالالمايدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى غايىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ**﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[2].

ئىسلامغا ھەقىقىي رەۋىشتە مەنسۇپ بولغانلار دۇنيا ھاياتىنى الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەسلىشىدىغان مەيدان دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بارلىق ھاياتى، يەنى

---

[1] سۈرە ئەنئام، 32 – ئايەت.

[2] سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

ئىلىم ئىگەللىشى، تىجارىتى، مال - مۈلكى، ئۆيـۋاقلىرى، ۋاقىتلىرى ۋە پىكىر – خىياللىرى مۇشۇ يولغا بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بارلىقىنى نەپسى خاھىشلىرى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە پىدا قىلغان ماتېرىيالىستلارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

بۇنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ بېرىدىغان دەلىللەردىن بىرى شۇكى، زامانىۋىي ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ۋە بۇ مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلغان كەشپىياتچىلارنىڭ پۈتۈن ئەس – ھوشى ئىنسانلارنى مۇنكىنقەدەر باياشات تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلىشقا ۋە جىسمانىي جەھەتتىن راھەت – پاراغەتكە ئېرىشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن باشقىنى نىشان قىلمايدۇ. دېمەك، زامانىۋىي مەھسۇلاتلارنىڭ دۇنيا ھاياتىنى ياخشىلىق، ئامانلىق، خاتىرجەملىك بىلەن گۈللەندۈشتەك بىر غايىسى يوق. مەسىلەن، ماشىنا، ئايروپىلان، كىرالغۇ، توڭلاتقۇ، قاچا يۇيۇش ماشىنىسى، مېۋە سىقىش ماشىنىسى، قوچۇش ماشىنىسى، توك سۈپۈرگىسى، زىننەت بويۇملىرى، ئۆي جاھازلىرى، كىيىم - كېچەك، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئەسۋابلىرى، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇت – كارخانىلار ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان يۈزلەرچە، ھەتتا مىڭلارچە تۈرلۈك مەھسۇلاتلار پەقەتلا ئىنسانلارنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن راھەت – پاراغەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئىجاد قىلىش ۋە ئىشلەپ چىقىرىشقا قەتئى قارشى ئەمەس. لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنچىدىن ئىنسانىيەتكە زىيان ئېلىپ كەلمەسلىكىنى، ئىككىنچىدىن خەيرلىك ئىشلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە، ياخشىلىقنىڭ جەمئىيەتكە يېيىلىشىغا، ئۇلارنى ئىشلىتىش ۋە پايدىلىنىشنىڭ ھەم شەرئى ھەم ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى شەرت قىلىدۇ.

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا «خەلقنى نېمىگە دەۋەت قىلىمىز؟» ناملىق رىسالىسىدە مۇشۇ مەنىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دېگەن: "ئى ئەزىز قېرىنداشىم! مۇسۇلمانلار ﷲنىڭ كىتابىدىن مۇشۇ مەنىنى چۈشىنەلىدىمۇ؟ نەتىجە ئېتىبارى بىلەن، ئۇلارنىڭ نەپسلىرى ۋە روھلىرى ئۇلۇغۋارلىشىپ، ماددىنىڭ قۇللىقىدىن ئازات بولالىدىمۇ؟ ھاۋايى ھەۋەسلىرىدىن، كۆڭۈل ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچەلىدىمۇ؟ بىھۇدە ئىشلاردىن، ئەرزىمەس مەقسەتلەردىن قول ئۈزۈپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان پەرۋەردىگار ﷲقا ھەقىقىي رەۋىشتە يۈزلىنەلىدىمۇ؟ توغرا يولدا مېڭىپ، ﷲنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلالىدىمۇ؟ ئۇنىڭ دىنىنى دۇنياغا يېيىش، شەرئى قانۇنلىرىنى مۇداپە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلالىدىمۇ؟ ياكى ئۇلار كۆڭۈل ئارزۇلىرىنىڭ ئەسىرى، ھاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ قۇللىرى بولۇپ، پۈتۈن غېمى يۇمشاق لوقما، ئالىي ماشىنا، ئېسىل كىيىم، راھەت ئۇيقۇ، مايمۇندەك گىرىم قىلىۋالغان خوتۇن، ساختا كۆرۈنۈش ۋە ئىچى كاۋاك شۆھرەت قاتارلىقلارغا ئېرىشىشتىن ئىبارەتمۇ؟ بىر شائىر مۇشۇ ئىللەتلەرنى تەسۋىرلەپ: ئىنسانلار ئارزۇ - ھەۋەسكە رازى بولدى ۋەلېكىن ئامتى قاچتى، ھېچ ھۆل بولمىدى، گەر شۈڭغىغان بولسىمۇ قىلىپ دەۋا تىرىشچانلار دېڭىزىغا، - دېگەن ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «ئالتۇن - كۈمۈش ۋە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان كىشىلەر ھالاك بولۇپ كەتسۇن!» دېگەن ئىدى"[1].

## قانداق ياشىسام ئىسلام ئۈچۈن ياشىغان بولىمەن؟

ئىسلام ئۈچۈن ياشاش ۋە ھاياتىمنى ئىسلام يولىغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشلارنى ياخشى چۈشىنىشىم ۋە ئۇلارنى ئۆزەمگە ئۆزلەشتۈرۈشۈم كېرەك. بۇ ئىشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1. **ياشاشتىكى غايەمنى ياخشى چۈشىنىشىم كېرەك:** ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1]؛ ﴿وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ وَكَانَ عَرْشُهُ عَلَى الْمَاء لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً﴾ ﴿ﷲ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. (ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) ﷲنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ﷲ (ئۇلارنى ياراتتى)﴾[2].

2. **دۇنيانىڭ ئاخىرەت ئالدىدا قانچىلىك قىممىتى بارلىقىنى ياخشى چۈشىنىشىم كېرەك:** ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَرَضِيتُم بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الآخِرَةِ إِلاَّ قَلِيلٌ﴾ ﴿دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر﴾[3]؛ ﴿وَمَا أُوتِيتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَمَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَزِينَتُهَا وَمَا عِنْدَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ ﴿سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، ﷲنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[4]

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دۆۋە ئەخلەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ساھابىلىرىنى: «قېنى چامائەت! مال –

---

[1] سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

[2] سۈرە ھۇد، 7 – ئايەت.

[3] سۈرە تەۋبە، 38 - ئايەت.

[4] سۈرە قەسەس، 60 – ئايەت.

دۇنيانىڭ يېنىغا كېلىشلار» دەپ چاقىردى. ئاندىن قولىغا چۈرۈپ كەتكەن بىر پارچە رەخت ۋە چۈرۈپ كەتكەن بىر تال سۆڭەكنى ئېلىپ: «مال - دۇنيا دېگەن مانا مۇشۇ» دېدى.

يەنە بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى تاشلىۋەتكەن بىر قوينىڭ تېپىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بۇرۇلغان ھالدا: «كۆردۈڭلارمۇ؟ بۇ قوي ئىگىسىگە نەقەدەر قەدىرسىز بولۇپ قالدى — ھە! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ قوينىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ھېچ قىممىتى بولمىغىنىدەك، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرمۇ اللهقا نىسبەتەن تېخىمۇ قەدىرسىزدۇر. ناۋادا دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر اللهنىڭ ئالدىدا بىر پاشىنىڭ قانىتىچىلىك قىممەتلىك بولسا ئىدى، الله كاپىرغا بىر يۇتۇم سۇمۇ بەرمىگەن بولاتتى» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت يېقىنلاشتى. كۈن ئۆتكەنسېرى، ئىنسانلار مال - دۇنياغا تېخىمۇ ھېرىسمەنلىك بىلەن بېرىلىپ، اللهتىن تېخىمۇ بەك يىراقلىشىپ كېتىدۇ»؛ «دۇنيا مۇئمىننىڭ تۈرمىسى، كاپىرنىڭ جەننىتىدۇر»[2].

**3. ئۆلۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىم كېرەك:** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ. وَيَبْقَى وَجْهُ رَبِّكَ ذُو الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ**﴾ ﴿زېمىندىكى ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ﴾[3]؛ ﴿**كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ الْمَوْتِ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَما الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلاَّ مَتَاعُ الْغُرُورِ**﴾ ﴿ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە رەھمان، 26 - ئايەت.

(يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)﴾[1].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيا لەززىتىنى ئۈزۈپ، جامائەتنى بىر - بىردىن ئايرىپ تاشلايدىغان ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار»[2].

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن سەھىپىلەردە نېمىلەر بار ئىدى؟ - دېگەن ئىدىم، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇنۇ ئىبرەتلىك سۆزلەر بار ئىدى: مەن ئۆلۈمگە ئىشىنىپ تۇرۇپ خۇشال يۈرگەن ئادەمدىن، دوزاخقا ئىشىنىپ تۇرۇپ كۈلگەن ئادەمدىن، تەقدىرگە ئىشىنىپ تۇرۇپ تىپىرلىغان ئادەمدىن، دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ دۇنيادىن خاتىرجەملىك ھېس قىلغان ئادەمدىن، تاڭلا قىيامەتتە ھېساب بارلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمىغان ئادەمدىن ئەجەبلەنمەي تۇرالمايمەن»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر مېيىت نامىزىغا قاتناشقان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىستانلىقتىكى بىر قەبرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 185 - ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

ۋە: «بۇ قەبرە ھەر كۈنى ئېچىرقىملىق ۋە راۋان ئاۋاز بىلەن: "ئى ئادەم ئوغلى! سەن مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ، سەن مېنىڭ يالغۇز قالىدىغان، غېرىپلىق باسىدىغان، ۋەھىمىلىك، قۇرت - قوڭغۇزلار ئۇۋىلايدىغان، الله كېڭەيتىپ بەرگەن كىشىلەردىن باشقىلارغا بەكمۇ تار كېلىدىغان بىر ئۆي ئىكەنلىكىمنى بىلمەمسەن؟" دەيدۇ» دېدى. ئاندىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ: «قەبرە يا جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىغا، يا دوزاخ گوداڭلىرىدىن بىر گوداڭغا ئايلىنىدۇ»[1] دېدى.

**4. ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشىم كېرەك:** بۇ پەقەت ئىلىم ئۆگىنىش، ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ۋە ھارامغا ئائىت دىنىي ئىلىملەرنى پىششىق ئىگەللەش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُل رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن! دېگىن﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىلىم پەقەت ئۆگىنىش بىلەن، دىنىي ئىلىم پەقەت پىششىق ئىگەللەش بىلەن قولغا كېلىدۇ. الله بىراۋغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ»[3]؛ «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش مىراس قالدۇرغىنى يوق. ئۇلار پەقەت ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. شۇڭا، كىم ئىلىم ئىگەللىسە، تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ»[4].

**5. نادانلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشىم كېرەك:** بۇمۇ نادانلىقنى جار سالىدىغان پىكىر، ئېقىم ۋە پىلانلارنى ياخشى بىلىش، ئۇنىڭ ئەپتى – بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن

[1] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[2] سۇرە تاھا، 114 - ئايەت.

[3] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خىيىم – خەتەر ۋە زىيانلارنى پىششىق ئىگەللەپ، ئۇنىڭغا قارشى تېگىشلىك چارە – تەدبىرلەرنى ئىپلىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمكى بىرەر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنسە، ئۇ مىللەتنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىدىن ئامان بولىدۇ».

## ئىسلام ئۈچۈن ياشايدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ئەگەر مەن ئىسلامىي ھاياتتا ۋە ئىسلام ئۈچۈن ياشايدىغان بولسام، مېنىڭ ھاياتىمنى باشقىلارنىڭ ھاياتىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر قىسىم سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر مەندە چوقۇم تېپىلىشى لازىم. بۇ سۈپەتلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ **ئىسلامغا ئىزچىل ئەمەل قىلىشىم كېرەك:** چۈنكى ئىمان قۇرۇق ئارزۇ بىلەنلا قولغا كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ دىلغا ھەقىقىي ئورنىغان ۋە ئەمەل بىلەن ئىسپاتلانغان بولۇشى كېرەك. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ**﴾ ﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردۇر﴾[1]؛ ﴿**أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ**﴾ ﴿كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر﴾[2]؛ ﴿**كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ**﴾ ﴿قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېيىشىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر﴾[3].

---

[1] سۈرە كەھف، 107 – ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 44 ـ ئايەت.

[3] سۈرە سەف، 3 ـ ئايەت.

بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: "ئىككى تۈرلۈك ئادەم بىلىمنى پۈكۈپ تاشلايدۇ: بىرى، ئەدەپسىز ئالىم؛ يەنە بىرى، نادان تەقۋا. چۈنكى نادان تەقۋا ئىبادىتىنى، ئەدەپسىز ئالىم يامان ئىشلىرىنى ئىنسانلارغا كۆز – كۆز قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىلىمگە يېتەرلىك دەرىجىدە رىئايە قىلىڭلار، رىۋايەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ ئەمەل قىلمايدىغانلاردىن بولۇپ قالماڭلار»[1].

2- **ئىسلامنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىشىم كېرەك:** چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «اللهنىڭ كىتابى نەدە ئايلانسا، سىلەرمۇ شۇ يەردە ئايلىنىڭلار (يەنى اللهنىڭ كىتابى سىلەرنى نەگە باشلىسا، سىلەر شۇ يەرگە مېڭىڭلار)»[2]؛ «كىمكى موسۇلمانلارنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇ ئۇلاردىن ئەمەس»؛ «سەن ئىسلام ئىغىزلىرىدىن بىرىنى قوغداۋاتىسەن. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، دۈشمەن ھەرگىزمۇ سەن قوغداۋاتقان ئېغىزدىن كىرەلمەسلىكى كېرەك».

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا، سەئد ئىبنى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يا ئوقى، قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن 70 نەچچە يېرىدىن يارىلانغان بولۇپ، ئاخىرقى تىنىقى بىلەن نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرۇپ، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇرۇلدى - دە: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېنىڭ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئېلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتقىن، قەۋمىم ئەنسارىلارغىمۇ ئېيتقىنكى، ئىچىڭلاردا كۆزى ئوچۇق بىرى (يەنى ساق قالغان بىرى)لا بولىدىكەن، ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، اللهنىڭ دەرگاھىدا سىلەرنىڭ ئۆزرە ئېيتقىدەك يۈزۈڭلار قالمايدۇ" دېدى. ئاندىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا جېنى چىقىپ كەتتى.

---

[1] ئەبۇ نۇئەيم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

**3- ھەق بىلەن پەخىرلىنىشىم ۋە اللهقا چىن دىلىمدىن ئىشىنىشىم كېرەك:** بۇ سۈپەت مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ئىززەت پەقەت اللهقا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاستۇر﴾[1]؛ ﴿وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾ ﴿بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر﴾[2].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دەسلەپتە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ساھابىلەر ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، پادىشاھنىڭ يېنىدىكى پوپ ۋە راھىبلار ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا باش ئېگىپ تازىم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بىراق، ئۇلارنىڭ ئەمرى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىز اللهتىن باشقا ھېچ نەرسىگە باش ئەگمەيدىغان ئادەملەرمىز" دېگەن.

ئىسلام تارىخىغا قارايدىغان بولساق، خۇبەيب ئىبنى ئەدى، زەيد ئىبنى دەسىنە، رەبىئ ئىبنى ئامىر، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، سەئىد ئىبنى جۇبەير، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب قاتارلىقلار ئەڭ دەسلەپ تارىخ ياراتقان ئەزىمەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلەرچە ئىش – ئىزلىرى ئىززەت، غەيرەت – شىجائەت ۋە قەھرىمانلىقنى ئىزھار قىلماقتا. شۇڭا، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرىدىن ئۈگىنىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك.

**4- ئىسلام ئۈچۈن ئىزچىل خىزمەت قىلىشىم ۋە بۇ يولدا خىزمەت قىلغۇچىلار بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىشىم كېرەك:** چۈنكى مېنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقىم تەبىئىي ھالدىلا ماڭا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمنى، بۇ خىزمەتنى بىرەر جامائەت ئىچىدە ئېلىپ

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 8 - ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 139 - ئايەت.

بېرىشىمنى، ئىنسانلارنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، يەككە مۇسۇلمان يېتىلدۈرۈش، مۇسۇلمان ئائىلە قۇرۇش، مۇسۇلمان جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئاخىرىدا، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆزەمگە ئوخشاش خىزمەت قىلىۋاتقانلار بىلەن ھەمىشە ياردەملىشىشىمنى پەرز قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ﴾ ﴿قېرىنداشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز﴾[1]؛ ﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن چەك باستۇرۇپ قوپۇرۇلغان بىناغا ئوخشاش بولۇپ، بىر - بىرىنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ»؛ «اللهنىڭ قولى (يەنى ياردىمى) جامائەت بىلەن بىرگىدۇر. بۆرە توپتىن ئايرىلغان قوينى يەپ كېتىدۇ»؛ «مۇسۇلمان جامائىتىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىمامىدىن (خەلىپىسىدىن) ھەرگىز ئايرىلمىغىن»؛ «جامائەتلىشىش بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ»؛ «جامائەتلىشىش رەھمەت، بۆلۈنۈش ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ».

---

[1] سۈرە قەسەس، 35 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە، 2 ـ ئايەت.

# ئىككىنچى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك

كىتابنىڭ بۇ قىسمىدا، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىنمۇ، ھۆكۈم جەھەتتىنمۇ، زۆرۈرىيەت جەھەتتىنمۇ پەرزلىكى، شۇنداقلا، ھەم يەككە ھالدا ھەم جامائەت ھالىتىدە خىزمەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى، كىم جىھاد قىلسا، ئۆزى ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغانلىقى قاتارلىق نۇقتىلاردا توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولسا، ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈش، پىكىر ۋە مۇئامىلە جەھەتتە ئىسلامنى ئاساس قىلىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش، قانۇن ۋە دەستۇر جەھەتتە شەرىئەتنى يۈرگۈزىدىغان، دۇنيادا ھەق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىنچلىق ئۇسۇلدا دەۋەت ئېلىپ بارىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىزمەت، بۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجلىرى، بۇ خىزمەتكە ئالاقىدار ئىشلار، بۇ خىزمەتتىن كېلىپ چىقىدىغان ۋە بۇ خىزمەت تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىسلامي مەجبۇرىيەت بولۇپ، تاكى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر ھاكىمىيەت قۇرۇلمىغىچە، ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولمايدۇ.

دېمەك، مۇشۇنداق بىر ھاكىمىيەت قۇرۇلمىغىچە، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇاتقانلارنىڭ خىزمىتى يېتەرسىز ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىزمەتتىن باش تارتقان ھەرقانداق مۇسۇلمان اللهنىڭ شەرىئىتىگە كۆرە

گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا، ھەربىر مۇسۇلمان بۇ گۇناھتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلامغا خىزمەت قىلىشقا دەرھال ئاتلىنىشى كېرەك.

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ پەرزلىكىنى، ئۇنىڭ (ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش) تەكلىپ قىلىنغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ نەپلە ئىبادەت ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ پەرزلىكى كەسكىن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان بىرقانچە دەلىل بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

**بىرىنچى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن پەرزلىكى:**

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پرىنسىپ جەھەتتىن پەرزدۇر. چۈنكى ئىسلام اللهنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈكلىگەن (ئىبادەت) تەكلىپىنىڭ بىرىنچى شەرتى بولۇپ، جانابى الله بۇ زېمىنغا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەخلۇقاتلارغا ئۆزى ۋارىسلىق قىلغانغا (يەنى قىيامەتكە) قەدەر بۇ تەكلىپ ئالدى بىلەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرگە، ئاندىن بارلىق ئىنسانلارغا يۈكلىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالْعَصْرِ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ**﴾ ﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1]؛ ﴿**يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ**﴾ ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن﴾[2]؛ ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلْنَا**

---

[1] سۈرە ئەسر، 3 ئايەتنىڭ ھەممىسى.

[2] سۈرە مائىدە، 67 - ئايەت.

**مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِن بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلعَنُهُمُ اللّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ﴾** ﴿بىز كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا الله لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)، لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتىگە قارايدىغان بولساقمۇ، كىشىنى ھەقكە دەۋەت قىلىشقا ۋە باتىلغا قارشى كۈرەش قىلىشقا تەرغىب قىلىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ بىرقانچە ھەدىسىنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايە قىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن قايسىبىرىڭلار بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن (يەنى كۈچ ئىشلىتىپ) تۈزەتسۇن. ناۋادا ئۇنى قولى بىلەن تۈزىتىشكە قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن تۈزەتسۇن. تىلى بىلەنمۇ تۈزىتىشكە قادىر بولالمىسا، دىلى بىلەن بولسىمۇ نارازىلىق بىلدۈرسۇن. مانا بۇ، ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسىدۇر، بۇنىڭدىن كېيىن قىچىنىڭ پىنىسىچىلىكمۇ ئىمان قالمايدۇ»[2]؛ «ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، الله سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ماڭا دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇڭلار. ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر، مەن سىلەرنىڭ دۇئالىرىڭلارنى قوبۇل قىلمايمەن، مەندىن تىلىگەن نەرسەڭلارنى بەرمەيمەن، ياردەم سورىساڭلار ياردەممۇ بەرمەيمەن»[3]؛ «ئۈممىتىمنىڭ زالىمغا قارشى:

[1] سۈرە بەقەرە، 159 - ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

ھەي زالىم! ـ دېيەلمىگەنلىكىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن»[1].

**ئىككىنچى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھۆكۈم جەھەتتىن پەرزلىكى:**

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھۆكۈم جەھەتتىن پەرزدۇر. چۈنكى يەر يۈزىدە اللهنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىنى ئىنسانلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئويدۇرما تۈزۈم ۋە قانۇنلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ھاكىم بولۇشى مۇسۇلمانلارغا ئىسلام ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىپ، ئىسلامىي جەمئىيەت قۇرۇشنى، ئىسلامىي ھاياتنى يېڭىلاشنى، ئىنسانلارنى ئېتىقادىي، ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي جەھەتلەردە اللهقا قۇلچىلىق قىلىشقا يېتەكلەشنى پەرز قىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدۇر: ﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[2]؛ ﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِن شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبِّي عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ﴾ ﴿سىلەر (دىن ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەرقانداق نەرسە ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ئەنە شۇ الله مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، (ھەممە

---

[1] ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە نىسا، 65 – ئايەت.

ئىشتا) اللهقا مۇراجىئەت قىلىمەن﴾[1]؛ ﴿**وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**﴾ ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[2]؛ ﴿**وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظالمون**﴾ ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴾[3]؛ ﴿**وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفاسقون**﴾ ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار پاسىقلاردۇر﴾[4].

ئىسلامىي جەمئىيەتنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇش ۋە الله نازىل قىلغان ھۆكۈمنى ھاكىم قىلىش پەرز بولغانىكەن، ئىسلامىي جەمئىيەت قۇرۇش ۋە ئۇنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشمۇ ئوخشاشلا پەرز بولىدۇ. چۈنكى شەرئى قائىدىدە: "بىر پەرزنى تاماملاشقا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرمۇ پەرزدۇر" دېيىلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممىسى دېمىسەكمۇ، كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ خەلقلىرىنى رىم، گىرىتسىيە، فارانسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدىن ئېلىنغان ئويدۇرما قانۇنلار بىلەن ئىدارە قىلماقتا. بۇ جايلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈممۇ كاپىتالىزم ياكى سوتسىيالىزم سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جاھىلىيەت تۈزۈملىرىنى ئۆرۈپ تاشلاش ۋە ئىسلامىي ھاياتنى يېڭىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى پەرز ئەيندۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىسلامنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ۋە ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

---

[1] سۈرە شۇرا، 10 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە، 44 – ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە، 45 – ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە، 47 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرىئەتنىڭ نۇرغۇن ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خەلىپە ياكى باش ئىمام تىكلەشكە باغلىقتۇر. مانا بۇ، ئىسلامىي ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈملىرىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر، ھۆكۈم چىقىرىش، جازا ئىجرا قىلىش، تىنچلىق، ئۇرۇش، جىھاد، سۈلھى، ئەھدۇپەيمان ۋە باشقا ئىسلامىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت ئىسلام ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر دۆلەت بولغاندىلا ئاندىن ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيەت جەھەتتىن پەرزلىكى:**

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش زۆرۈرىيەت جەھەتتىنمۇ پەرزدۇر. چۈنكى زامانىمىزدا ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ تۈزاقلىرىنى بىتچىت قىلىش، ماددىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان ماتېرىيالىستلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش، ئىسلامنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن تەھدىت سېلىۋاتقان دەھرىيلەر قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇش قاتارلىقلار ئەلۋەتتە پەرزدۇر.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە دىققەت بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ۋەزىيەت ئىسلامىي كۈچ ھازىرلاشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى، بەلكى ئۇنىڭ قىلچە باش تارتىشقا ياكى سەل قاراشقا بولمايدىغان شەرئى تەكلىپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ بېرىدۇ.

پەلەستىن، كەشمىر، ئېرىترىيە، قىبرىس، بۇخارا، سەمەرقەند ۋە شەرقىي تۈركىستانغا ئوخشاش نۇرغۇن دۆلەتلەر كاپىرلارنىڭ ئىشغالى ئاستىدا ئىڭرىماقتا.

ئىسلام دۇنياسىدىكى بەزى دۆلەتلەر مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بىر قىسىم ئازسانلىق تائىپە ۋە قەبىلىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قورال كۈچى بىلەن ئېغىر بېسىم قىلغانلىقىدىن ۋايىسىماقتا.

بەزى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئوكچى ياكى ئۆكتىچى پارتىيىلەرنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىدىن شىكايەت قىلسا، يەنە بەزى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئوڭچى پارتىيە بىلەن ئۆكتىچى پارتىيەنىڭ ئۆزئارا ھاكىمىيەت تالىشىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان دەھشەتلىك ۋە قانلىق توقۇنۇشلاردىن پەرياد قىلماقتا.

يۇقىرىدىكىلەر ئاز كېلىپ قالغاندەك، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي توقۇنۇش ئىچىدە، ئەخلاق، قىممەت قاراش، پىكىر ۋە ئەقىدە جەھەتتىنمۇ قورقۇنچلۇق چېكىنىش ئىچىدە ياشىماقتا.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى تاشقى جەھەتتىن مۇستەملىكىچىلەر ياكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەتلەر تەرىپىدىن بولسۇن، مەيلى ئىچكى جەھەتتىن ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى، يالاقچىلىرى ۋە غالچىلىرى تەرىپىدىن بولسۇن، نۆۋەتتە ئىسلام دىنى دۇچ كېلىۋاتقان بۇ تەھدىتلەر، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيەت جەھەتتىن بولسىمۇ پەرز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ بېرىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لاَ تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ لِلّهِ**﴾ ﴿تاكى پىتنە تۈگىگەن ۋە اللّٰهنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾[1].

[1] سۈرە بەقەرە، 193 - ئايەت.

**تۆتىنچى، ئىسلام ئۇچۇن ھەم يەككە ھالدا ھەم جامائەت ھالىتىدە خىزمەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى:**

ئىسلام ئۇچۇن خىزمەت قىلىش شەرئى تەكلىپ سۈپىتىدە پەرز بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ يەككە مەسئۇلىيەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغۇچى باشقا پەرزلەرنى ۋە شەرئى مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلغاندا ئېرىشىدىغان ساۋابقا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنى ئادا قىلمىغان تەقدىردە، باشقا پەرزلەرنى ۋە شەرئى مەسئۇلىيەتلەر تەرك ئەتسە دۇچار بولىدىغان ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾ ﴿ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر﴾[1]؛ ﴿وَكُلُّهُمْ آتِيهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَرْدًا﴾ ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[2]؛ ﴿إِنْ أَحْسَنتُمْ أَحْسَنتُمْ لِأَنفُسِكُمْ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا﴾ ﴿ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر﴾[3]؛ ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى﴾ ﴿بىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾[4]؛ ﴿وَمَن جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ﴾ ﴿كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر﴾[5].

ئىسلام دىنى دۇنيا ھاياتىنى ھەق ئۈستىگە بىنا قىلىش ۋە جەمئىيەتنى خەيرلىك ئىشلار بىلەن گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدە ھەممە ئىنساننىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى، ئەقلى – ھوشى جايىدا، بالاغەتكە

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 38 – ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم، 95 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىسرا، 7 – ئايەت.
[4] سۈرە زۇمەر، 7 – ئايەت.
[5] سۈرە ئەنكەبۇت، 6 ـ ئايەت.

يەتــكەن ھەربىــر ئىنســانىنىڭ قولــدىن كېلىشــىچە ھەمكارلىشىشــىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شـۇنداق بولغانـدىلا، جەمئىـيەتكە ھەمـمە ئورتـاق ھەسسە قوشىدۇ، ھەربىر ئىنسان قولىدىكى بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئىشـقا سېلىپ، ياخشى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچـۈن ھېرىسـمەنلىك بىـلەن تىرىشىدۇ، بەس – بەستە مەبلەغ سەرپ قىلىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىسلام ئۈچۈن يەككە ھالـدا خىـزمەت قىلىشـىمۇ شەرئى تەكلىپ، ئىسلامىي مەسئۇلىيەت ھېسابلىنىدۇ.

دېـمەك، ئىســلام ئۈچـۈن يەكـكە ھالـدا خىــزمەت قىلىــش پەرز بولغىنىــدەك، ئىســلامىي ھەرىــكەت مەسـئۇلىيىتى نۇقتىســدىن ئېلىــپ ئېيتقانــدا، جامـائەت ھالىتىــدە خىــزمەت قىلىشــىمۇ پەرزدۇر. ئەمەلىــي ئەھۋالنى چىقىش قىلغانـدىمۇ، بـۇ مەسـىلە تـالاش ـ تـارتىش قىلىشـقا ھەرگىزمۇ ئىمكان بەرمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىسـلام ئۈچـۈن جامـائەت ھالىتىدە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ:

1 ـ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ناھايىتى چوڭ تەكلىپلەردىن بىرى بولۇپ، ئىنسان ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى يالغۇز چىقىــپ بولالمايـدۇ. ئىســلام ئۈچـۈن خىــزمەت قىلىــش كـۈپرىلىقنى پۈتـۈنلەي تۈگىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلامنى بەرپا قىلىشنى ئۆزىگە نىشان قىلىـدۇ. مانــا بــۇ نىشــان كىشــىدىن جاپــالىق ئىشلەشــنى، قولــدىكى بــارلىق ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىشنى ۋە قاتتىق تىرىشـچانلىق قىلىشـنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، يەككە كىشى ئۇنى ئادا قىلىشـقا بەرداشـلىق بېرەلمەيـدۇ. بەلكــى ئـۇ ھەرقــانچە تىرىشــقان، جاپــا – مۇشــەققەتلەرگە ۋە ئېغىــر كۆلپەتلەرگە چىدىغان تەقـدىردىمۇ، يەنـىلا بـۇ خىزمەتنــى ئـۆزى يـالغۇز ئېلىپ بارالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ خىزمەتنى قارشى كۈچلەرگە تالانـت، ئىنتىــزام ۋە كـۈچ ـ قـۇۋۋەت جەھەتـتە تەڭ تاقابىــل تۇرالايـدىغان ھەم ئىنتىزاملىق ھەم ھەرىكەتچان بىر جامائەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپرىنغا قارشى تۇرۇپ، ئىسلامىي جەمئىيەت قۇرغانلىقى ۋە ئىسلامىي ھاياتنى يېڭىلاپ تۇرغانلىقى ئىسلام ئۈچۈن جامائەت ھالىتىدە خىزمەت قىلىشنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان شەرئى دەلىلدۇر. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈشتە يەككە ھالدا خىزمەت قىلىش ئۇسۇلىغىلا تايانغان ئەمەس. ئەكسىچە، دەۋەتنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا جامائەت قۇرۇشقا تىرىشقان بولۇپ، كۆپرى جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ ئۈلى بولسۇن ئۈچۈن بۇ خىزمەتكە يارايدىغان ئالاھىدە شەخسلەرنى بىر – بىرلەپ تاللاپ چىققان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا بىر قۇر نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەربىر باسقۇچ ۋە ھەربىر مەيداندا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي خىزمەتلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

3 ـ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يول تىكەنلىك ۋە جاپا – مۇشەققەتلىكتۇر. چۈنكى بۇ يولنىڭ ئالدىنى توسىدىغان قارا كۈچلەر ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەر پۇرسەتتە ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يوچۇق ئىزدەپلا تۇرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت ئىسلام خىزمىتىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدىكى قارشى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان، ۋەزىيەتنى ۋە ئېھتىماللىقلارنى ياخشى تەھلىل قىلالايدىغان، ئىنتىزاملىق، ھەرىكەتچان ناھايىتى چوڭ ۋە كۈچلۈك بىر جامائەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا قارايدىغان بولساقمۇ، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، تەشكىللىك، ھەرىكەتچان بىر جامائەتنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان روشەن دەلىللەرنى كۆرىمىز: ﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى

**الْبرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ** ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾[1].

**بەشىنچى، كىم جىھاد قىلسا، ئۆزى ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغانلىقى:**

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا موھتاج ئىكەنلىكلىرىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار خىزمەت قىلغان، جىھاد قىلغان ۋە بۇ يولدا جاپا – مۇشەققەت تارتقان بولسا، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، روھلىرىنى پاكلاش، اللهنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ۋە بۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆزلەر چەكچىيىپ، يۈرەكلەر بوغۇزغا قاپلىشىپ قالىدىغان قىيامەت كۈنىدە اللهتىن ئېلىش ئۈچۈندۇر.

ئەگەر ئۇلار ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئەنە شۇلار پايدا ئالغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار بۇ خىزمەتتىن يۈز ئۆرۈسە، بۇ ۋاقىتتا ئاشۇلارلا زىيان تارتقان بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿إِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾** ﴿الله ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر﴾[2]؛ **﴿وَإِن تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾** ﴿ئەگەر سىلەر (اللهنىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللهقا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾[3].

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلار يەنە شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئىسلام بىلەن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلامسىز ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار الله تائالانىڭ:

---

[1] سۈرە مائىدە، 2 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 6 – ئايەت.

[3] سۈرە مۇھەممەد، 38 ـ ئايەت.

﴿أُولَئِكَ كَالأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ﴾ ﴿ئۇلار پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾[1] دېگەن سۆزدە بايان قىلىنغىنىدەك، ھايۋانلاردىنمۇ پەس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھەقىقىي ھۆرمەت، ھەقىقىي ئىززەت پەقەتلا ئىسلام كارۋىنى بىلەن مېڭىش ۋە بۇ كارۋانغا ئىزچىل ھەمكارلىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. «كىمكى ئىسلام جامائىتىدىن ئايرىلىۋالىدىكەن، دوزاختا داۋام چۈشىدۇ».

دېمەك، كىمكى ئىسلام كارۋىنىغا ھەقىقىي رەۋىشتە قېتىلىدىكەن، ئەڭ ئېسىل شەرەپكە ئىگە بولغان، شۇنداقلا، ھىدايەت كارۋىنىغا، اللّٰه تائالا ھىدايەت ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىدلەر كارۋىنىغا قېتىلغان بولىدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار - ھە!!

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلار يەنە شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىسلام كارۋىنى ئىچىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى ئىسلامدا چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاساسىي شەرتتۇر. چۈنكى «بۆرە پەقەت توپتىن ئايرىلىۋالغان قوينى يەپ كېتىدۇ»[2].

جەمئىيەتتە ھەر تۈرلۈك پىتنە — پاساتلار يامراپ كەتكەن بولۇپ، ھەر تەرەپنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىۋالغان. شۇڭا، اللّٰهنى ياد ئەتمەي، ۋەز — نەسىھەت ئاڭلىماي، بىر — بىرىگە ھەقنى ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلماي ياشىغان ھەرقانداق كىشى بۇ پىتنە — پاساتلارنىڭ، بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنفَعُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، ۋەز - نەسىھەت مۆئمىنلەرگە پايدىلىق﴾[3]؛ ﴿وَالْعَصْرِ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ ﴿زامان بىلەن

---

[1] سۈرە فۇرقان، 44 - ئايەت.

[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە زارىيات، 55 — ئايەت.

قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام خىزمەتچىلىرى چوقۇم ئىمان ئىلىسىدە ياشىشى، رەھمان تائالانىڭ كارۋىنىغا قېتىلىشى، يولنى بۇ كارۋاننىڭ ھىمايىسىدە مەڭگۈ داۋام قىلدۇرۇشى لازىم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَن ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا﴾ ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴾[2].

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلار يەنە شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇلار پەقەت اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، الله يولىدا جىھاد قىلىدۇ. بۇ يول ئۇزۇن ۋە جاپالىق يولدۇر. چۈنكى جەننەتنىڭ يولى جاپا - مۇشەققەت بىلەن، دوزاخنىڭ يولى ھاۋايى ھەۋەسلەر بىلەن قورشالغان. بۇ يول شۇنداق بىر يولكى، مەيىن شامال چىقىپ بولغىچە ئىككى مەڭزى يېرىلىپ كېتىدىغان، يىپەكنى تۇتۇپ قويسىمۇ بارماقلىرى قاناپ كېتىدىغان كىشىلەر ھەرگىز ماڭالمايدۇ. بۇ يول شۇنداق بىر يولكى، ئەتە يەيدىغان رىزقىدىن ئەنسىرەيدىغان، ھاياتىنىڭ

---

[1] سۈرە ئەسر، 3 ئايەتنىڭ ھەممىسى.

[2] سۈرە كەھف، 28 - ئايەت.

بىرەر خىيىم – خەتەرگە ئۇچرىشىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ھەرگىز ماڭالمايدۇ.

بۇ يول شۇنداق بىر يولكى، مىجەزى ئاسان ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە دوم چۈشىدىغان، ئىچى تار، ئىرادىسى ئاجىز، بىرەر ئىش غەزگەپ ئارتۇق كەتسە سەۋر قىلالمايدىغان، شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالىدىغان، بىلمىگەن نەرسىگىمۇ پىكىر بېرىدىغان، بىلمىگەنلىكىنى ھەم بىلمەيدىغان، كۆپچىلىكنىڭ قارارىغا قوشۇلۇشنى ۋە جامائەتنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشنى ھار ئالىدىغان كىشىلەر ھەرگىز ماڭالمايدۇ.

بۇ يول شۇنداق بىر يولكى، كىشىگە پاكلىق، ئىپپەت، پاكىزلىق، مەرھەمەت ۋە ھۆرمەت بېغىشلايدىغان، چىدامىلىق بولۇشنى، جىھادقا ھەر زامان تەييار تۇرۇشنى، دۇنيانى دوست تۇتماسلىقنى، ئالىي روھلۇق بولۇشنى، راستچىل ۋە ئىخلاسمەن بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان يولدۇر. مۇشۇنداق ئالىيجاناپ سۈپەتلەرگە ئىگە بۇ يولدا پەقەت دىللىرى يېگانە اللەقا باغلانغان، ھەممە موھتاج يالغۇز اللەقا تەلپۈنگەن مۇئمىنلەرلا ماڭالايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ قَدْ جَعَلَ اللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْرًا﴾ ﴿كىمكى اللەقا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[1]؛ ﴿فَمَن نَّكَثَ فَإِنَّمَا يَنكُثُ عَلَى نَفْسِهِ وَمَنْ أَوْفَى بِمَا عَاهَدَ عَلَيْهُ اللَّهَ فَسَيُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى

[1] سۈرە تالاق، 3 - ئايەت.

بۇزغانلىقىنىــڭ زىيىنــى ئۇنىــڭ ئــۆزىگە بولىــدۇ، الله بىــلەن قىلغــان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا الله بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ﴾[1] .

[1] سۈرە فەتىھ، 10 – ئايەت.

# ئۈچىنچى، ئىسلام ھەرىكىتى؛ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەييارلىقلىرى

كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى؛ ئۇنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن پەرۋىشكارلىق، ئۆزگە خاسلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ھەممىگە شامىللىق ۋە فىقھى ئىختىلاپلاردىن يىراق تۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى؛ ھەرىكەت لىنىيىسى جەھەتتىن ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ ۋە سىياسەتچىلەرنىڭ تىزگىنلىۋېلىشىدىن يىراق تۇرۇش، تەدرىجىي ھالدا قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەش، ئەمەلىي خىزمەتنى قۇرۇق تەشۋىقاتتىن ئەلا بىلىش، يىراقنى كۆزلەپ سەۋرچانلىق بىلەن ئىلگىرىلەش، خىزمەتنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىپ، مەخپىي تەشكىللىنىش، ھېسسىي جەھەتتىن ئەمەس، روھىي جەھەتتىن ئايرىلىش، غايىنىڭ ۋاستىنى شەرئىلەشتۈرمەيدىغانلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى؛ ئۇنىڭ ھازىرلىق نۇقتىسىدىن ئالدى بىلەن جانابى اللهقا، ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان ئېيتىش، ئىسلامىي تەلىماتقا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە سالاھىيىتىگە ئىمان ئېيتىش، ئىسلامىي قېرىنداشلىققا، ئۇنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلىرىغا ۋە ئۇلۇغۋارلىقىغا ئىمان ئېيتىش، ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتقا، ئۇنىڭ ناھايىتى كاتتا، ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى بۈيۈك مۇكاپات ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش، ئۆزگە ئىشىنىش ۋە جىھاد قىلىش جەھەتتىكى تەييارلىقلىرى قاتارلىق نۇقتىلاردا قىسقىچە قىلىپ توختىلىپ ئۆتىمىز.

**ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى:**

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولسا، ئىنسانلارنى الله تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

سـۈننىتى كۆرسـەتكەن يولىـورۇق، ئەھكـاملار ئاسـاس قىلىنغـان بىـر ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يەككە ۋە جامـائەت ھالىتىـدە خىزمەت قىلىـپ، اللەقـا بولغـان بەنـدىچىلىكنى ئىزھـار قىلدۇرۇشـتىن ئىبارەت.

ئىسلام ھەرىكىتى ئالەمشـۇمۇل بىـر ھەرىـكەت بولـۇپ، دۇنيانىـڭ ھەرقايىسـى جايلىرىــدا ئىســلام ئۈچــۈن خىــزمەت قىلىۋاتقــان ھەمــمە كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن شــەك - شــۈبھىلەردىن پــاك ۋە ســاپ، زامــان ۋە ئۇنىــڭ تەلەپ - تەقەززالىرىغا ئۇيغۇن ئىسلام دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشـقا تايانغـان بولـۇپ، ئىنسانلارنى مۇشۇ غـايە ئۈچـۈن دەۋەت قىلىـدۇ، مۇشـۇ غـايە ئاساسـىدا تەشكىللەيدۇ، مۇشۇ غايىگە ئىشىنىشكە، مۇشـۇ غـايە ئۈچـۈن خىـزمەت قىلىشقا ۋە مۇشۇ غايە يولىدا جىھاد قىلىشقا ھازىرلايدۇ.

بــۇ ھەرىكەتنىــڭ ھەرىــكەت نىشــانى ئالــدى بىــلەن ئىســلام ئۈممىتىنىڭ مۇستەقىل ۋە ئەسـلى ھـالەتتىكى سـالاھىيتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەيلى شەرق ئەللىرى بولسـۇن يـاكى غەرب ئەللىـرى بولسۇن، مۇسـتەملىكىچى كـۈچلەرگە، ئـۇلار قالـدۇرۇپ كەتـكەن بـۇزۇق پىكىر، سەپسەتىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىسلام ھەرىكىتى دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا، ئىسلام دىنىنى بىــدئەت ۋە خوراپاتلارنىــڭ پاتقىقىــدىن تــازىلاپ، ئۇنىــڭ ئۈلۈغلـۇقى ۋە ئالىيلىقىغا ئۇيغۇن، ساپ ۋە نۇرانىي شـەكلىنى ئىنسـانلارغا يەتكۈزۈشـنى مەقسەت قىلىدۇ.

بـۇ ھەرىـكەت ئىسـلام دىنىنىــڭ ئەھكـاملىرى ۋە تەلىماتلىرىنىـڭ ھەممىگە شامىل ئىكەنلىكىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىشلىرىنى ئىنتىزاملاشتۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇ ھەرىكەت يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسـانىيەت تـارىخى بـويىچە «لا ئىلاھە ئىللەللاھ (بىر اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)» دېـگەن شـوئار

ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى، يەنى ئاللاھنىڭ مەبۇدلۇق ۋە ھۆكۈمرانلىق جەھەتتە يېگانە ئىكەنلىكىنى تونۇشنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ قەلبىتىكى ئېتىقادىتىمۇ، شەرئى ئىبادەتلەردىمۇ، ئەمەلىي ھاياتتىكى بەلگىلىمىلەردىمۇ يېگانە ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىدىغان، دۇنيانى قۇتقۇزىدىغان، ئېزىلگەنلەرنى مۇستەبىتلەرنىڭ، زالىملارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاتلىققا چىقىرىدىغان، دۇنيادا پىتنە – پاساتنىڭ تۈگىشىگە، دىنىنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىردىنبىر كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم تۈزۈملىرىنى ۋە باشقا ئويدۇرما تۈزۈملەرنى ئىسلامغا قارشى چىققانلىق، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىق، بۇزۇق يولغا ماڭغانلىق، پايدىسىز ئىشلار بىلەن كۆرەشلەش، كۈچ - قۇۋۋەتنى بوش يەرگە سەرپ قىلىش ۋە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:
﴿وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الإِسْلاَمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾[1].

ئىمام ھەسەن بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن:

"يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مۇسۇلمان خەلقلەرنى تېگى يوق ھاڭغا سۆرەپ ماڭغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىدىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتىدىن يىراقلاشتۇرغان، پۈتۈن

[1] سۈرە ئال ئىمران، 85 – ئايەت.

ئالەمنى ھىدايەت نۇرىدىن مەھرۇم قويغان، دۇنيا تەرەققىياتىنى يۇزلەرچە يىل كەينىگە سۆرىگەن تاغىيلار دولقۇنىنى، يەنى ماتېرىيالىستلار مەدەنىيىتىنى، جىنسىي ئەركىنلىك ھازارىتىنى قەتئىي توسۇپ، ئۇلارنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە مىللىتىمىزنى ئۇلارنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت. ھەتتا بىز بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇشىشى، قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىم – تەربىيەسىگە ئىمان كەلتۈرۈشى، ئىسلام سايىسىنىڭ يەر شارىغا يېيىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۇرتىغىمۇ يۈرۈش قىلىش ۋە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ غازات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، مۇسۇلمانلار ئارزۇسىغا يەتكەن، پىتنە - پاسات تۈگىگەن ۋە دىن پەقەت الله ئۈچۈن بولغان بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِن بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ بِنَصْرِ اللَّهِ يَنصُرُ مَن يَشَاء وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ﴾ ﴿ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اللهنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆئمىنلەر اللهنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، الله غالىبتۇر، (مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

دېمەك، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ۋەزىپىمىز بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئۇنى تەپسىلىيرەك قىلىپ ئېيتساق، ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدە تۆۋەندىكىلەر بارلىققا كېلىشى كېرەك:

1 - ئىچكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىر ئورگان قۇرۇپ، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى مۇشۇ ئورگان ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم: ﴿وَأَنِ احْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ وَاحْذَرْهُمْ أَن يَفْتِنُوكَ عَن بَعْضِ مَا أَنزَلَ اللّهُ إِلَيْكَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ

[1] سۈرە رۇم، 4 – ۋە 5 - ئايەتلەر.

ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ اﷲ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرىشىدىن ساقلانغىن﴾[1].

2 ـ خەلقئارا مۇناسىۋەت قۇرىدىغان بىر ئورگان قۇرۇپ، اﷲ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى مۇشۇ ئورگان ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم: ﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾[2].

3 ـ مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىدىغان بىر ئورگان قۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ دەلىلى اﷲ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[3].

4 ـ مۇداپە ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان بىر ئورگان قۇرۇش كېرەك. بۇ ئورگان مۇسۇلمانلارنى جىھادقا ئومۇميۈزلۈك چىقىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿انْفِرُواْ خِفَافًا

---

[1] سۈرە مائىدە، 5 – ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 143 – ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 65 ـ ئايەت.

**وَثِقَالاً وَجَاهِدُواْ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ** ﴿(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، اللهنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار﴾[1].

5 - دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ بايلىقىنى، مال – مۈلكىنى راۋاجلاندۇرىدىغان مۇستەقىل ئىقتىسادىي ئورگان قۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**وَلاَ تُؤْتُواْ السُّفَهَاء أَمْوَالَكُمُ الَّتِي جَعَلَ اللّهُ لَكُمْ قِيَاماً**﴾ ﴿الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار﴾[2].

6 - تەلىم – تەربىيە ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان بىر ئورگان قۇرۇش كېرەك. بۇ ئورگان نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە بېرىپ، الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىكى تۇنجى قېتىم نازىل بولغان مۇنۇ ئايەتنىڭ تەقەززاسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ: ﴿**اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ**﴾ ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن﴾[3].

7 - ئائىلە ۋە ئۆي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان بىر ئورگان قۇرۇش كېرەك. بۇ ئورگان مۇسۇلمان ئەر – ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە، ئوغۇل – قىزلارنىڭ ئىسلام تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، نەتىجىدە، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ**﴾ ﴿ئى

---

[1] سۈرە تەۋبە، 41 – ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 5 - ئايەت.

[3] سۈرە ئەلەق، 1 – ئايەت.

مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾[1].

8 - يەككە كىشىلەرنى نازارەت قىلىدىغان بىر ئورگان قۇرۇش كېرەك. بۇ ئورگان شەخسلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاق ۋە خاراكتېرلىرىنى نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلەنگەن مەقسەتكە ئېرىشىشىگە، نەتىجىدە، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ: ﴿**قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا**﴾ ﴿روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾[2].

9 - مەيلى باشلىق، مەيلى پۇقرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بارلىق يەككە كىشىلىرىنى تىزگىنلىيەدىغان ئومۇمىي روھ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ**﴾ ﴿الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللهنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن﴾[3].

10 - بىزنىڭ نىشانىمىز مۇسۇلمان شەخس، مۇسۇلمان ئائىلە، مۇسۇلمان خەلق، مۇسۇلمان ھۆكۈمەت بەرپا قىلىش، شۇنداقلا، ئىسلام دۆلەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى شانۇشەۋكىتىنى، قولىدىن چىقىرىپ قويغان تۇپراقلىرىنى، تارتقۇزۇپ قويغان ۋەتەنلىرىنى ۋە ئىشغال ئاستىدىكى يۇرتلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرەلەيدىغان، پۈتۈن دۇنيا ئىسلام تەلىم – تەربىيىسى بىلەن بەختلىك بولغانغا قەدەر جىھاد

[1] سۈرە تەھرىم، 6 - ئايەت.

[2] سۈرە شەمس، 9 – ئايەت.

[3] سۈرە قەسەس، 77 – ئايەت.

تۇغىنى، دەۋەت بـايرىقىنى كۆتـۈرۈپ ماڭـىدىغان بىـر دۆلەت قۇرۇشـتىن ئىبارەت"[1].

**ئىســـــلام ھەرىكىتىنىـــــڭ پرىنســـــىپ جەھەتتىكـــــى خۇسۇسىيەتلىرى:**

ئىســــلام ھەرىكىتىنىــــڭ ئەڭ ئۆزنۇملــــۇك خۇسۇســــىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1 - ئىلاھىي پەرۋىشكارلىقى:** بـۇ ھەرىكەتنىـڭ تەسـەۋۋۇرلىرى، ھۆكـۈملىرى، ئەخـلاق قاراشـلىرى، پىكىرلـىرى ۋە ئەنئەنىلـىرى جانـابى اللەنىڭ مەڭگۈلۈك دىنىدىن ۋە ئۇنىـڭ ئەڭ ئـاخىرقى چاقىرىقنامىسـىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ ھەرىكەت ئۇچـۇن خىـزمەت قىلىۋاتقـان ياكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارنىڭ كىشـىلىك دەۋىتـى بولماسـتىن، پەقەت اللە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيـدۇ: ﴿**قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**﴾ ﴿(ئـــى مـــۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نـامىزىم، قۇربـانلىقىم، ھايـاتىم ۋە مامـاتىم (دۇنيـادا قىلغـــان ياخشـــىلىقلىرىم ۋە تـــائەت ـ ئىبـــادەتلىرىم) ئالەملەرنىـــڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر﴾[2].

بۇ ھەرىكەت يەنە ھەرگىزمۇ كۆنىمىزدىكى پـارتىيە تەشـكىلاتلارغا ئوخشاش بىر پـارتىيە يـاكى تەشـكىلات ئەمەس. ئاتـالمىش رەھـبەرلەر تەشكىلاتلىرىغا ئوخشاش، مۇئەييەن رەھبەرلەرنىـڭ شەخسـىي غەرەز ۋە مەنپەئەتلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى نىشان قىلىـدىغان ھەرىكەتمـۇ ئەمەس. بۇ ھەرىـكەت پەقەت اللەنىـڭ بەلگىلىمىلـىرىگە كىچىكلەردىـن بۈيۈن چوڭلارنىڭ، ئەسكەردىن بۈيۈن قومانـدانىنىڭ ئىتـائەت قىلىشـىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ھەرىكەتتۇر.

---

[1] ئىمام ھەسەن بەننانىڭ: «قۇرئان بايرىقى ئاستىدا» ناملىق رىسالىسىدىن.

[2] سۈرە ئەنئام، 162 ـ ئايەت.

**2 - ئۆزگىچە خاسلىقى:** بۇ ھەرىكەت مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ باشقا تەشكىلات ۋە پارتىيىلەرگە ئوخشاش سىرتتىن ئىمپورت قىلىنغان، شەرق ياكى غەرب ئەللىرىدىن ئۆرنەك ئېلىنغان ھەرىكەت ئەمەس. بىزنىڭ دەۋىتىمىز خەلقنى دىنغا چاقىرىشتۇر. دىن بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل خۇسۇسىيىتى بولۇپ، تارىختىن بويان ئۇممەت بۇ دىن بىلەن، دىن بۇ ئۇممەت بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئاخىر زاماندىكى بۇ ئۇممەت پەقەت دەسلەپتە ئىسلاھ بولغان مۇشۇ دىن بىلەنلا ئىسلاھ بولالايدۇ.

**3 - تەرەققىيپەرۋەرلىكى:** بۇ ھەرىكەت مەزمۇن جەھەتتە ئەقىدە ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنى، تەسەۋۋۇر جەھەتتە كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتلىق مەسىلىلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىنسانىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن چەكلىك ۋە ئويدۇرما بەلگىلىمىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك قارىشى ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنى تەرەققىيپەرۋەر كۆرسىتىشكە ئورۇنغان ياكى شۇنداق چۈشىنىۋالغان كاززاپلارنىڭ، تۆھمەتخورلارنىڭ قارىشىدەك ئەخلاقىي قىممەت قاراشتىن ۋە گۈزەل قائىدە — يوسۇنلاردىن يوقسۇل ئەمەس، ئەكسىچە، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، پىكىرلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى يۈكسەلدۈرۈشكە خىزمەت قىلىدىغان، قولغا كەلتۈرگەن ئىلىم - پەننى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، بۇ بىپايان كائىناتتىكى يېگىلىقلارنى كەشىپ قىلىشقا، كەشىپ قىلغان ئىلىم - پەننى ئەڭ دەسلەپ ئەنگە ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراش ئەمەس، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كاتتىلىقىنى، كۈچ — قۇدرىتىنى ۋە بۈيۈكلۈكىنى تېخىمۇ زىيادە تونۇتۇشقا خىزمەت قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەرلىكتۇر.

ئىسلام تەرەققىياتى ئاۋام خەلقنى، ئۇلارغا ئورتاق مەنپەئەتنى تېگىدىغان ياخشىلىق بولۇشنى شەرت قىلغان ئاساستا ئەقىل كۈچىگە تايىنىپ ئىجاد قىلىنغان بارلىق مەھسۇلاتلاردىن پايدىلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرىدۇر: «ھېكمەت (يەنى ئىلىم) قايسى خالتىدىن چىقسا چىقسۇن، سىلەر ئۇنى ئېلىڭلار (يەنى ئۆگىنىڭلار)»؛ «ھېكمەت مۇسۇلماننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تاپسا شۇ يەردىن ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[1].

**4 - ھەممىگە شامىل ئىكەنلىكى:** ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ دەۋىتى ھەرگىزمۇ ھايات ساھەسىنىڭ مەلۇم قىسمىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قالغان قىسمىنى تاشلاپ قويىدىغان دەۋەت ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسلام بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ھايات ساھەسىنىڭ ھەممىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ھەممىگە شامىل ۋە كامىل دەۋەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ھەرىكەت سەلەف ئېقىمىدىكى دەۋەت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساپ بۇلىقى بولغان قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە قايتىشنى دەۋەت قىلىدۇ.

بۇ ھەرىكەت سۈننەت يولى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتىنى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ ھەرىكەت ئىلاھىي پەرۋىشكارلىققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، نەپسنى پاكلاش، قەلبنى ساپلاش ۋە اللهقا بولغان رىشتىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ياخشىلىقنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ.

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەرىكەت سىياسىي بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئىسلام ئاساسىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**5 - فىقھى ئىختىلاپلاردىن يىراق تۇرىدىغانلىقى:** بۇ ھەرىكەت شاخچە مەسىلىلەردە چوقۇم ئىختىلاپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەرىكەت پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە ئېتىقادى ئەتراپىدا توپلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئىمام ھەسەن بەننا بۇ نەزىرىيەنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن: "گەرچە ئىسلام ئاساسىغا بىنائەن سىياسەت يۈرگۈزۈش بىزنىڭ ئەڭ سەممىي پىكرىمىز بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز سىياسىي پارتىيە ئەمەس. شۇنداقلا، ياخشىلىق قىلىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىزنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسەتلىرىمىزدىن بىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئىسلاھاتچى ياكى خەيرى - ساخاۋەت جەمئىيىتى ئەمەس. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چېنىقىش بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىلىرىمىزدىن بىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز تەنھەرىكەت كوماندىسى ئەمەس. دېمەك، بىز بۇ ئورگانلاردىن ھېچبىرى ئەمەس. چۈنكى بۇ ئورگانلار چەكلىك غايە ۋە چەكلىك مۇددەت ئۈچۈن قۇرۇلغان. ھەتتا بۇ ئورگانلارنىڭ بەزىسى ئىدارىي ئىشلاردا ئۇنۇۋانغا ئېرىشىش ۋە نام چىقىرىشنى كۆزلىگەن مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلىدۇ.

لېكىن بىز شۇنداق ئېسىل پىكىر، ئەقىدە، نىزام ۋە تەلىماتقا ئىگە بىر ھەرىكەتكى، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر رايون ياكى بىرەر مىللەت بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇنى جۇغراپىيىلىك توساقمۇ توسۇپ قالالمايدۇ. بۇ زېمىنغا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەخلۇقاتلارغا اللە ئۆزى ۋارىسلىق قىلمىغىچە (يەنى قىيامەت بولمىغىچە)، بۇ ھەرىكەت بىرەر ئىش بىلەن توختاپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەنىڭ نىزامى، ئەمىن نامىنى ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىدۇر.

ئى ئىنسانلار! بىز ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىپ كەتمەيمىز، لېكىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ساھابە كىراملارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمىز. شۇڭا بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايرىقىنى خۇددى ساھابە كىراملار كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ تۇغىنى خۇددى ساۋابە كىراملار يايغاندەك يېيىشىمىز، ئۇنىڭ قۇرئانىنى خۇددى ساھابە كىراملار ھىمايە قىلغاندەك ھىمايە قىلىشىمىز، ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ ئەھلى جاھانغا رەھمەت ئىكەنلىكىنى خۇددى ساھابە كىراملار بېشارەت بەرگەندەك بېشارەت بېرىشىمىز كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُ بَعْدَ حِينٍ﴾ ﴿بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر﴾"[1].

**ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت لىنىيىسى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى:**

**1 - ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ ۋە سىياسەتچىلەرنىڭ تىزگىنلىۋېلىشىدىن يىراق تۇرىدىغانلىقى:** ئىسلام ھەرىكىتى ئەزالىرى ئىچىدە بەزى ئىش باشقۇرغۇچى ۋە سىياسىيونلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن بۇ خۇسۇسىيەت ئىسلام ھەرىكىتىنى پۇرسەتچىلەرنىڭ قولىنىپ كېتىشى ۋە تىجارەتكە ئايلاندۇرىۋېلىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ساپلىقى، راستچىللىقى ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن ئىزچىل داۋام قىلىۋېرىدۇ.

**2 - تەدرىجىي ھالدا قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىشى:** چۈنكى بۇ ھەرىكەت يولىنىڭ جاپالىق ۋە ئۇزۇن، غايىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، تەدرىجىي پىلان بىلەن ھەرىكەت قىلىش، ھەربىر باسقۇچنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىش ئارقىلىق جامائەت كۆزلىگەن ۋە ئىرادە قىلغان نىشانغا يېتىش كېرەك. شېھىد ئىمام ھەسەن

[1] سۈرە ساد، 88 – ئايەت.

بەننا دەۋەتنىڭ باسقۇچلىرى ھەققىدە توختىلىپ، تونۇتۇش باسقۇچى، تەشكىللەش باسقۇچى ۋە ئىجرا قىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام ھەسەن بەننانىڭ «تەلىماتلار» ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**تونۇتۇش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ھەرىكەتنىڭ ئاممىباب پىكىرلىرىنى خەلق ئاممىسىغا يېيىش. بۇنىڭدا، ۋەز – نەسىھەت قىلىش، تەبلىغ قىلىش، پايدىلىق مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇش قاتارلىق ئەمەلىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش بولىدۇ.

**تەشكىللەش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچ جىھاد يۈكىنى كۆتۈرەلەيدىغان ياخشى كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارنى بىر ئارىغا يىغىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى دەۋەت نىزامى روھىي جەھەتتىن خالىس سوپىغا قارىتىلغاندەك، ئەمەلىيەت جەھەتتە خالىس ئەسكەرگە قارىتىلغاندەك ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا پەقەت ئۇزۇن مۇددەتلىك، جاپا - مۇشەققەتلىك جىھاد يۈكىنى كۆتۈرۈشكە ھەقىقىي رەۋىشتە تەييار بولغان كىشىلەرگىلا دەۋەت قىلىنىدۇ. مۇنداق تەييارلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى تولۇق ئىتائەتتۇر.

**ئىجرا قىلىش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا جىھاد قىلىشقا، غايىگە يېتىش ئۈچۈن توختىماي خىزمەت ئىشلەشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ ئىغىر سىناقلارغا، قاتتىق جاپا – مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا بولىدىغان باسقۇچ بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئىماندا راستچىل بولغانلارلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بۇ باسقۇچتا غەلىبە قىلىشنىڭ كاپالىتىمۇ مۇتلەق ئىتائەتتۇر.

**3 - ئەمەلىي خىزمەتنى قۇرۇق تەشۋىقاتتىن ئەلا بىلىش:**

ئىسلام ھەرىكىتىنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئىتتىرگەن بىرقانچە ئامىل بار. بۇ ئامىللاردىن بىرى، ئىسلام دىنىدا مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە خۇسۇسىي ئايەتلەرنىڭ بارلىقى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خىزمەتلەرگە رىيا

ئارىلىشىپ قېلىپ، ھەرىكەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ۋە ۋەيران بولۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى. يەنە بىر ئامىل شۇكى، ئىسلام تەبىئىتىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت قىلماستىن، كىچىككىنە ئىشلارنىمۇ ماختاپ، چوڭ كۆرسىتىشتىن نەپرەتلىنىدىغانلىقى. ئۈچىنچى ئامىل شۇكى، ۋاقىت ۋە تىرىشچانلىقنى بىھۇدە زايا قىلىۋەتمەي، نەتىجە بېرىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئىشەنگەنلىكى. تۆتىنچى ئامىل شۇكى، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئامانلىقى بۇنى تەلەپ قىلغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاجىتىڭلارنى ئادا قىلىشتا مەخپىيەتلىككە تايىنىڭلار»[1].

**4 - يىراقنى كۆزلەپ سەۋرچانلىق بىلەن ئىلگىرىلىشى[2]:**

ئىسلام ساھەسىدە خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، يۈكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، يولى تولىمۇ ئۇزۇن، ئىشى تېخىمۇ قىيىن ۋە جىھادى بەكمۇ ئېچىنىشلىق (يەنى بېشىدىن ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولدا ماڭىدىغانلار ئۆزلىرىنى ھەرخىل پالاكەتلەرگە، جاپا مۇشەققەتلەرگە ۋە قىيىن قىستاقلارغا چىداپ پىداكارلىق بىلەن جان بېرىشكە تەييارلىشى كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الم أَحَسِبَ النَّاسُ أَن يُتْرَكُوا أَن يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ﴾ ئەلىف لام مىم. ئىنسانلار ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەققەتەن سىنىدۇق، الله (ئىمانىدا)

[1] ئىمام ھەسەن بەننانىڭ «بەشىنچى قۇرۇلتاي» ناملىق رىسالىسىگە ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دەۋىتىدىن ئېلىنىدىغان دەرسلەر» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

[2] كۈۋەيتتە چىقىدىغان ئىجكى قىسىم نەشرىياتىدىن.

راســتچىللارنى چوقــۇم بىلىــدۇ، (ئىمانىــدا) يالغــانچىلارنىمۇ چوقــۇم بىلىدۇ﴾[1].

ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولغانلار يىراقنى كۆزلەپ سىياسـەت يۈرگۈزۈشــى كېــرەك. شــۇنداق قىلغانــدىلا ئاقىلانىلــىك بىــلەن اللهنىــڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ئاساستا دەۋەت قىلغىلى بولىــدۇ. ئانــدىن ئــۇلار بــۇ يولــدا جاپاغــا چىــداپ ماڭالايــدۇ ۋە نەتىجىــگە ئېرىشىشــكە ئالــدىراپ كەتمەيدۇ. بۇ پەقەت ئۇلار ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىبــارەت تېخىمۇ ئۇلۇغ غايىنىڭ ئەمەلىيلىشــى ئۈچــۈن بىــر ۋاســتە ئىكەنلىكىنــى تولــۇق چۈشــەنگەن ۋاقىتــدا ھەقىقەتلىشــىدۇ. ئانــدىن ئــۇلار ئىســلام ھاكىمىيىتى ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئەمەلىيلەشسە، اللهقا شۈكۈر قىلىدۇ، نــاۋادا ئۇلارنىــڭ قولىــدا ئەمەلىيلەشــمەي قالســا ئۈمىتســىزلەنمەيدۇ، روھىــي چۈشكۈنلۈككە چۈشمەيدۇ، چېكىنمەيدۇ ۋە قورقمايــدۇ. شــۇنىڭ بىــلەن، ئۇلار ئامانەتنى ئادا قىلغان ۋە بــۇ داۋادىكــى ۋەزىپىلىرىنــى ئىجــرا قىلغــان بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا النَّصْرُ إِلاَّ مِنْ عِندِ اللّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ**﴾ ﴿يــــاردەم پەقەت غالىــــب، ھــــېكمەت بىــــلەن ئىــــش قىلغــــۇچى الله تەرىپىدىندۇر﴾[2]؛ ﴿**وَمَا تَشَاؤُونَ إِلَّا أَن يَشَاء اللَّهُ**﴾ ﴿پەقەت الله خالىغانــدىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر﴾[3].

نــاۋادا بىــرى: "دۇنيانىــڭ بەزى جايلىرىــدا ئــانچە تىلغــا ئېلىــپ كەتكىلى بولمايدىغان بەزىبىر پارتىيەلەر ۋە تەشكىلاتلار تېخىمــۇ قىســقا مۇددەت ئىچىدە، تېخىمۇ قىسقا ۋە ئاسان يوللار ئــارقىلىق ھــاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرىدۇغۇ؟!" دېيىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئىككى يول بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئىسلام ھەرىكىتــى پەقەت تــوغرا

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 1 – ئايەتتىن 3 – ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 126 - ئايەت.
[3] سۈرە ئىنسان، 30 – ئايەت.

ۋە پاك يوللار ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىگە شوئار قىلىدۇ. ئەگەر ئىسلام ھەرىكىتى يا ئۇنداق، يا مۇنداق كۈچلەرنىڭ ياكى مۇستەملىكىچىنىڭ گۇماشتىسى بولۇشقا رازى بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، باشقىلارغا ئوخشاش قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھاكىمىيەتنى ئاسان قولغا كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلِذَٰلِكَ فَادْعُ وَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ﴾ «شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»[1].

**5 - خىزمەتنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىپ، مەخپىي تەشكىللىنىش:**

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەخپىي ئىشلاردىن بىرى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئىسلام ھەرىكىتى بۇ ھەرىكەتكە چاقىرغۇچى دەۋەتچىلەرنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، پەردە ئارقىسىدىن ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ھەرىكەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش شۇنداق مەخپىي ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش پەلسەپە ۋە سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىر ھەرىكەت بولماسلىقى كېرەك. ئىسلام ئاۋازى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ھەق سۆز مۇتلەق سۆزلىنىشى لازىم. ھەقنى دېمەي سۈكۈت قىلغان كىشى تىلسىز شەيتاندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن قايسىبىرىڭلار بىرەر يامانلىقنى كۆرسە، ئۇنى دەرھال قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، كۈچى يەتمەي قالسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن،

---

[1] سۈرە شۇرا، 15 - ئايەت.

بۇنىڭغىمۇ كۆچى يەتمىسە، دىلى بىلەن نارازى بولسۇن. مانا بۇ، ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر»[1].

دەۋەت قىلغۇچى ئىش ئورنىدا، ياشاۋاتقان يېرىدە سۆز قىلىش ئىمكانىيىتى بولسا سۆزلەش بىلەن، نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى بولسا كىتاب ۋە ماقالىلەر يېزىپ نەشر قىلىش بىلەن ھەقنى دەۋەت قىلىشى كېرەك. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ادْعُ إِلِى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ**﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾[2].

لېكىن ئاشكارا دەۋەت ئېلىپ بارىمەن دەپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ پۈتۈن پىلانلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنى پاش قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ھېچبىر پايدىلىق تەرەپى يوق. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ، ئىسلامىيەتنى چۈشەنمىگەنلىك، ھەرىكەتنى ۋە بۇ ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولغانلارنى دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكرى، خىيانىتى ۋە ئەزىيەتلىرىگە تۇتۇپ بەرگەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە تۇتۇلۇشى كېرەكلىك بولغان ئاساسىي قائىدە شۇدۇر: "پائالىيەتنىڭ ئاشكارا داۋام قىلىشى، تەشكىللىنىشىنىڭ مەخپىي بولۇشى". مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلغىلى بولىدۇ: «ھاجىتىڭلارنى ئادا قىلىشتا مەخپىيەتلىككە تايىنىڭلار»؛ «ئۇرۇش تاكتىكىدىن ئىبارەتتۇر»[3].

**6 - ھېسسىي جەھەتتىن ئەمەس، روھىي جەھەتتىن ئايرىلىش:** بىر قىسىم كىشىلەر يېقىندىن بويان، شېھىد سەييىد قۇتۇب رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئىنسانلارنى ھېسسىي ئايرىلىشقا چاقىرغانلىقى ھەققىدىكى سۆزى ئۈستىدە كۆپ توختىلىدىغان بولۇپ

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە نەھل، 125 - ئايەت.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قالدى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: "بۇ غەيرەتنى كۆرسىتىدىغان ۋە بۇ يولدا يەر شارىنىڭ ھەممە تەرىپىگە يىلتىز تارتقان بۇ جاھىلىيەتنىڭ بېشىنى ئېزىش ئۈچۈن ھارماي - تالماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئاۋانگارتلار گۇرۇپپىسىنىڭ بولۇشى مۇتلەق شەرتكى، بۇ ئاۋانگارت گۇرۇپ بىر تەرەپتىن ئايرىم ھالدا ئىش ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپنى قورشىغان جاھىلىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىر شەكىلدە مۇناسىۋەت قۇرۇپ ئالغا قاراپ ماڭىدۇ".

بۇ يەردە، شېھىد سەييىد قۇتۇب ئىشارەت قىلغان ئايرىلىش ھېس - تۇيغۇنىڭ كۆپرى جەمئىيەتتىدىن ئايرىلىشىنى، ئىماننىڭ كۈچلىنىپ، جاھالەتنىڭ بېشىنى ئېزىش، ساختىلىقنى پاش قىلىش، باتىلغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىش، مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقماستىن الله يولىدا جىھاد قىلىش قاتارلىقلار ئۈچۈن روھىي ئايرىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، بۇ يەردىكى ئايرىلىش مۇئمىنلەر تائىپىسىنىڭ كاپىرلار تائىپىسىدىن پىكىر، تەسەۋۋۇر، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ھېس – تۇيغۇ جەھەتتىن پەرقلىق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام بۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە بۇنى ئوچۇق بايان قىلغان بولۇپ، شۇ ھەدىسلەردىن بىر – ئىككىسى مۇنۇلار: «ئىنسانلار ئارىسىدا ماڭا ئوخشاش بولۇڭلار»؛ «ھەرگىزمۇ: مەن كىشىلەر بىلەن ئوخشاش، ئۇلار ياخشىلىق قىلسا، مەنمۇ ياخشىلىق قىلىمەن، ئولار يامانلىق قىلسا، مەنمۇ يامانلىق قىلىمەن، دەيدىغان دورامچىلاردىن بولماڭلار. لېكىن ئۆزەڭلارنى ئىنسانلار ياخشىلىق قىلغاندا ياخشىلىق قىلىدىغان، يامانلىق قىلغاندا ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق تۇرىدىغان قىلىپ تەييارلاڭلار»[1].

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئىسلام ئۈچۈن ئىشلەش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش ۋە ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئىشىدا جەمئىيەتتىن ئايرىلىۋېلىشقا پەقەت ئورۇن يوقتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، خىزمەت قىلىش، ھەرىكەت قىلىش ۋە دەۋەت قىلىش ئىمكانسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. كۆنىمىزدە ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلار پەرقلىق گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغان ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەر خىل ئىنسانلارغا بىرلا ئۇسلۇبتا مۇئامىلە قىلىش توغرا بولمايدۇ.

بەزى ئىنسانلار ئۆزلىرى يالغۇز ھالەتتە ئىسلامنىڭ بىر كىشىلىك ھۆكۈملىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مەشغۇل. ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن كارى بولماسلىقى ۋە ئىسلام ھەرىكىتىگە قېتىلىپ جامائەت ھالىتىدە پائالىيەت قىلماسلىقى ئۇلارنىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن تەڭلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

بەزى ئىنسانلار ئۆزلىرى مۇسۇلمان، لېكىن ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمەيدۇ ۋە ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلمايدۇ. شۇڭلاقتىمۇ، ئۇلار ئىسلام بىلەن پەخىرلىنىدۇ. كۆنىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن مۇشۇلاردىن ئىبارەت. بۇلار بىلەن كاپىرلارنى بىر ئورۇندا قويغىلى بولمايدۇ.

بەزى ئىنسانلار بولسا، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. ئۇلار مەيلى شەخسلەر ياكى پارتىيەلەر بولسۇن، مەيلى ئىش ئۇستىدىكىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ، ﷲقا ۋە ﷲنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ بۇلارغا قاراتقان مۇئامىلىلىرى ۋە تەييارلىقلىرى بۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان يېقىن ياكى يىراقلىقى، ئىسلامغا قارىتا كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىللىق ياكى سوغۇقلۇقى، مۇھەببىتى ياكى دۈشمەنلىكىگە كۆرە بولۇشى كېرەك.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كونترول قىلىش ۋە توغرىغا يۈزلەندۈرۈش كېرەك. بەزىلىرىگە تەلىم - تەربىيە بېرىپ، مەدەنىيەت ئىگىسى قىلىش كېرەك. بەزىلىرى بولسا، قىلىچتىن باشقا نەرسە بىلەن يولغا كىرمەيدۇ. يەنى، ئەڭ ئاخىرقى دورا دەزمال سېلىشتۇر. بۇ، دەۋەتچىلەرنىڭ ھەر زامان ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنى ۋە جەمئىيەت ئىچىدە ياشاشلىرىنى كېرەكلىك قىلىدۇ. چۈنكى جەمئىيەت ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ زېمىنى ۋە جىھاد مەيدانىدۇر. لېكىن بۇ مۇناسىۋەت پەرقلىق بىر مۇناسىۋەتتۇر، تەسىرلىنىش ئەمەس، تەسىر قىلىش، مەينەتلىشىش ئەمەس، پاكلاش مۇناسىۋىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە تولىمۇ راست ئېيتقان ئىدى: «بىرىڭلارنىڭ جىھاد مەيدانلىرىدىن بىرىدە بىر سائەت بەرداشلىق بېرىشى يەنە بىرىڭلارنىڭ 60 يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشىدۇر».

**7 - غايىنىڭ ۋاستىلەرنى شەرئىلەشتۈرمەيدىغانلىقى:**

ئىسلامىي بولمىغان سىياسىي تەشكىلات ۋە ئورگانلار تارقاتقان مىكروپلاردىن بىرى مەنپەئەتپەرەسلىكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئورگانلارنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۆزلىرى بېكىتكەن پرىنسىپلىرىنىڭ، ھە دەپ جار سالغان نەزەرىيەلىرىنىڭ چەك – چېگرىلىرىنى ئېشىپ كېتىدۇ.

دەسلەپ ئەقىدىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېيىن سىياسىيلاشقان، ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە خەلق مەجلىسىگە كىرىپ خەلققە ۋەكىللىك قىلىش غايىسى ئۈچۈن ئاتلانغان، ئەمما تۈنجى قەدەمدىلا دەسلەپكى غايىسىدىن چەتنەپ كەتكەن نۇرغۇن سىياسىي گۇرۇپپىلار مەۋجۇت.

ئەسلىدە، بۇ سىياسىي گۇرۇپپىلار ئۆزلىرىگە ۋە ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەرگە، كۈنىمىزدىكى دورامچى سىياسىيونلار، ئەقىدىۋاز رەھبەرلەردە كۆرۈلگەن يولدىن ئېزىش، رەڭۋازلىق قىلىش، ئىككى

يۈزلىمىلىك ۋە نىپاقلىق قىلىشقا ئوخشاش رەزىل سۈپەتلەردىن ساقلاپ قالىدىغان ھەقىقىي ئېتىقاد پرىنسىپىنى بەلگىلىگىنى يوق.

شۇڭا، خەلقنىڭ مەنپەئەتى پارتىيىنىڭ مەنپەئەتىگە، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى پارتىيە باشلىقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە، ئۇممەتنىڭ مەسىلىلىرى بازارغا سېلىنىدىغان مالغا، تۈنۈگۈنكى دۈشمەن بۈگۈنكى دوستقا، بۈگۈنكى دوست ئەتىدىكى دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالىدى. نەتىجىدە، بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ئەقىدىسىدىن پەقەت يالغان - ياۋىداق ئىسىملىرى ۋە ساختا شوئارلىرى قالدى، خالاس.

بۇلار ياسالما كۈچلەر ۋە سىياسىي گۇرۇپپىلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ھەقىقەتلەردۇر. بۇ ھەقىقەتلەر بىز سۆزىنى قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلارنىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرىنىڭ سىرىنى، تېز كېڭىيىپ، ھاكىمىيەتنى تېزلا قولغا ئېلىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى پاش قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئېقىم ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋىتى يوق. بۇلارنىڭ روشەن ۋە ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىمۇ ھەم يوق.

بۇلار پەقەت ھەر پۇرسەتنى، ھەر ۋەزىيەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بەدىلى ئېغىر بولسىمۇ، ھەتتا دەۋانىڭ ئۆزىنى سېتىۋېتىش ۋە پۈتۈن خەلقنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قامداش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقە قىلغان ۋە ئېلىشقان ئېقىم ۋە گۇرۇپپىلاردۇر. ئۇلار شۇنىڭغا قارىتا ئىستراتېگىيە تۈزەيدۇ.

ئەمما ئىسلام ساھەلىرىدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللار ياكى شۇنداق بولۇشى مۆلچەرلەنگەن ۋەقەلەر ئۇ يەردىكى ياكى بۇ يەردىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئىسلام ھەرىكىتى شەرىئەتكە، ئەقىدىگە ۋە ئەخلاققا مۇۋاپىق بولۇش شەرتى ئاستىدا غايە بىلەن ۋاسىتىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرمەيدۇ. ئىسلامىي ساھەدە خىزمەت قىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ياكى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى

ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ. ئۇلار ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئەقىدە ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى ئىچىدە ئادا قىلىدىغان، بۇ ئۆلچەمدىن قەتئىي چەتنەپ كەتمەيدىغان ياكى ئۆلچەمنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمەيدىغان تولۇق ئىمانلىق كىشىلىككە ئىگە شەخسلەردۇر. شۇڭا، مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، ھەق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا غايە ۋە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن باتىلنى ۋاستە قىلىش، گەرچە ئۇ باتىل سۆز ياكى باتىل شوئاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، دۇرۇس بولمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلِ الْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاء فَلْيَكْفُرْ﴾ (ئى مۇھەممەد!) «بۇ قۇرئان پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقتۇر، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن﴾[1].

ئىككىنچى، ھەق بىر پۈتۈن بولۇپ، پارچىلانمايدۇ. ئۇنىڭ بىرەر جۇزئىيسىدىن ۋاز كېچىش پۈتۈن ھەقتىن ۋاز كەچكەنلىكتۇر. ھىدايەتتىن كېيىن گۇمراھلىقتىن باشقا نەرسە يوق. ئەينى ۋاقىتتا، قۇرەيش خەلقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەقىدىسىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىباھا دەرىجىدىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دەرھال اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن جاۋاب بەرگەن ئىدى: ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ وَلَا أَنتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ وَلَا أَنتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ﴾ (ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن

---

[1] سۈرە كەھف، 29 – ئايەت.

چوقۇنمـــايمەن. ســــىلەرمۇ مەن ئىبـــادەت قىلىۋاتقـــان اللەقـــا ئىبـــادەت قىلمايســـىلەر. ســـىلەر چوقۇنغـــان بۇتلارغـــا مېنىـــڭ چوقـــۇنغىنىم يـــوق. ســـىلەرنىڭمۇ مەن ئىبـــادەت قىلغـــان اللەقـــا ئىبـــادەت قىلغىـــنىڭلار يـــوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن﴾[1] .

ئۈچىنچى، ھەقكە بار كۈچى بىلەن ئەمەل قىلىش، قانـداقتۇر بىـر ئىنتىلىش ياكى تەھدىت سەۋەبىدىن ھەق ئۈستىدە سودا قىلماسـلىق ۋە ھەق يولـــدا بـــارلىقىنى پىـــدا قىلىـــش كېـــرەك. مەســـىلەن، فىرئەۋنىنـــڭ ســـېھىرگەرلىرى ھەق نامايـــان بولغـــان ھامـــان فىرئەۋنىنـــڭ پۈتـــۈن تەھدىتلىرىگە قارشى چىقتى ۋە ئىمانىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىـپ، فـــىرئەۋنگە مۇنـــداق دېـــدى: ﴿**فَاقْضِ مَا أَنتَ قَاضٍ إِنَّمَا تَقْضِي هَذِهِ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا إِنَّا آمَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغْفِرَ لَنَا خَطَايَانَا وَمَا أَكْرَهْتَنَا عَلَيْهِ مِنَ السِّحْرِ وَاللَّهُ خَيْرٌ وَأَبْقَى**﴾ ﴿(بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكـۈم قىلساڭ، شـۇنى ھۆكـۈم قىلغـــىن، ســـېنىڭ ھۆكمـــڭ پەقەت بـــۇ دۇنيـــادىلا ئۆتـــدۇ. بىزنـــىڭ خاتـالىقلىرىمىزنى، سـېنىڭ مەجبۇرلىشــڭ ئارقىســدا بىزنــڭ سـېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىـرەت قىلسـۇن دەپ، بىز ھەقــقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغـا ئىمـان ئېيتتـۇق، اللەنـڭ (سـاۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ اللەنــڭ (ئـازابى سـېنىڭ جازايىڭـدىن) دائىمىيدۇر﴾[2] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دەۋىتىنى بىرئاز يېنىكلىتىش تەلەپ قىلىنىپ، بەدىلىگە مال ـ دۇنيا ۋە مەنسەپ تەكلىپ قىلىنغانـدا، ئـۇ بـۇ تەكلىپنى رەت قىلىـپ مۇنـداق دېـگەن ئىـدى: «اللەنـڭ نـامى بىـلەن قەسەمكى، ئەگەر قۇرەيشلىكلەر بۇ دەۋانى تەرك ئېتىشـىمنىڭ بەدىلىـگە ئوڭ قولۇمغا كۈننى، سول قولۇمغا ئاينى قويغان تەقدىردىمۇ، الله بۇ دەۋانــى

[1] سۈرە كافىرۇن، 6 ئايەتنىڭ ھەممىسى.

[2] سۈرە تاھا، 72 – ۋە 73 ـ ئايەتلەر.

غالىب قىلغان ياكى مەن بۇ دەۋا يولىدا ئۆلگەنگە قەدەر، بۇ دەۋادىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن»[1].

تۆتىنچى، ھەق ئىگىلىرىنىڭ سەگەك، كۆزى ئوچۇق ۋە دىققەتلىك بولۇشى، اللە تائالانىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىشى، ھىدايىتى بىلەن توغرا يول تېپىشى لازىم. شەرت - شارائىت ئۇلارنى ئالداپ كەتمەسلىكى ياكى ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقىغا خىلاپ ئىشلارغا سۆرەپ كىرمەسلىكى كېرەك. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنِ احْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ وَاحْذَرْهُمْ أَن يَفْتِنُوكَ عَن بَعْضِ مَا أَنزَلَ اللّهُ إِلَيْكَ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَاعْلَمْ أَنَّمَا يُرِيدُ اللّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ وَإِنَّ كَثِيراً مِّنَ النَّاسِ لَفَاسِقُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن اللە ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىيرىسىگە (تەرجىمىھالىغا) نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز: غەسسان پادىشاھى تەبۇك غازىتىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقماي ئايرىلىپ قالغان ئۈچ كىشىدىن بىرى بولغان كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئالداپ، ئۆزلىرىنىڭ سېپىغا تارتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازىدۇ. ئۇ خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى: "ئاڭلىشىمچە، سېنىڭ قوماندانىڭ سەندىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپتۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان بۇ ئۈچ كىشىدىن

---

[1] ئىبنى ھىشام رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە مائىدە، 49 – ئايەت.

تەۋبىسى قوبۇل بولغانغا قەدەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ھېچبىر مۇسۇلمان بۇ ئۈچ كىشى بىلەن گەپلەشمەيتتى، ھەتتا ئۇلارغا سالاممۇ بەرمەيتتى). ﷲ سېنى خورلىنىپ ھالاك بولىدىغان بىر يۇرتتا ياشاشقا ياراتمىغان. كېلىپ، بىزگە قېتىل". كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: "بۇمۇ بىر سىناق، غازاتتىن قېلىشىم مۇشرىكلاردىن بىر ئادەمنىڭ ماڭا كۆز تىكىشىگە قەدەر ئېلىپ باردى" دېدى ۋە خەتنى تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرىۋەتتى.

بەشىنچى، ئاخىردا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، ھەق ئىنسانلارنىڭ ئەمەس، شەرىئەتنىڭ سۆزلىگىنىدۇر. شەرىئەتنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى، پىكىر - تەلەپلىرىگە خىلاپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسانلار بۇنىڭغا چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك. ئىسلام دىنى كۆپچىلىكنىڭ ﷲنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ بىرەر ئىشتا، گەرچە ئۇ كىچىككىنە ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، جەم بولۇشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ ئىشنى قىلىش ئىسلام مەنتىقىسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا مۇناپىقلىق ۋە ﷲنىڭ شەرىئىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ﷲنى نارازى قىلىش بەدىلىگە ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىنى سېتىۋالسا، ﷲ ئۇ كىشىنى تېخىمۇ بەك خار قىلىدۇ. كىمكى ئىنسانلارنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي ﷲنىڭ رازىلىقىنى سېتىۋالسا، ﷲ ئۇ ئادەمگە تېخىمۇ كۆپ ئىززەت ئاتا قىلىدۇ»؛ «ھەرگىزمۇ: مەن كىشىلەر بىلەن ئوخشاش، ئۇلار ياخشىلىق قىلسا، مەنمۇ ياخشىلىق قىلىمەن، ئۇلار يامانلىق قىلسا، مەنمۇ يامانلىق قىلىمەن، دەيدىغان دورامچىلاردىن بولماڭلار. لېكىن ئۆزەڭلارنى ئىنسانلار ياخشىلىق قىلغاندا ياخشىلىق قىلىدىغان، يامانلىق قىلغاندا ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق تۇرىدىغان قىلىپ تەييارلاڭلار».

**ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىقلىرى:**

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىقلىرىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: "بىزنىڭ تەييارلىقىمىز بىزدىن بۇرۇنقى سەلەف ـ سالىھلارنىڭ تەييارلىقىدۇر. قورال كۈچىمىز بولسا، ئۇلۇغ داھىيمىز، قەيسەر يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قورال كۈچى بولۇپ، ئۇلار ساننىڭ ئاز، تەمىناتىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن تىرىشىپ جىھاد قىلغان ئىدى. بىزمۇ بۇ قورال كۈچكە تايىنىپ، دۇنياغا يېڭىدىن غازات ئاچىمىز".

**دېمەك، ئۇلار مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن تەييارلىق قىلىپ جىھاد قىلغان ئىدى:**

1 ـ ئالدى بىلەن اللهقا، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە چىن دىلىدىن، ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىماندا ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇپ تەييارلىق قىلغان ئىدى: ﴿**إِن يَنصُرْكُمُ اللّهُ فَلاَ غَالِبَ لَكُمْ**﴾ ﴿ئەگەر الله سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ﴾[1].

2 ـ ئىسلامىي تەلىماتقا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە سالاھىيىتىگە چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرۈپ تەييارلىق قىلغان ئىدى: ﴿**قَدْ جَاءكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَثِيراً مِّمَّا كُنتُمْ تُخْفُونَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَعْفُو عَن كَثِيرٍ قَدْ جَاءكُم مِّنَ اللّهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُّبِينٌ. يَهْدِي بِهِ اللّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلاَمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنِ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ**﴾ ﴿سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇنىنى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە الله تەرىپىدىن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 160 ـ ئايەت.

نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. اﷲ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (اﷲنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1].

3 - ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا، ئۇنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلىرىغا ۋە ئۇلۇغۋارلىقىغا چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرۈپ تەييارلىق قىلغان ئىدى: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[2].

4 - ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتقا، ئۇنىڭ ناھايىتى كاتتا، ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى بۈيۈك مۇكاپات ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ تەييارلىق قىلغان ئىدى: ﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ لاَ يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلاَ نَصَبٌ وَلاَ مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَطَؤُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلاَ يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلاً إِلاَّ كُتِبَ لَهُم بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ ﴿بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اﷲ نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (اﷲ نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، اﷲ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە مائىدە، 15 - ۋە 16 - ئايەتلەر.

[2] سۈرە ھۇجۇرات، 10 – ئايەت.

[3] سۈرە تەۋبە، 120 - ئايەت.

5 - ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىشەنچ قىلىپ تەييارلىق قىلغان ئىدى. ئۇلار جانابى الله دۇنيانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاللىغان، ھەر تۈرلۈك ئارتۇقچىلىقلارنى نېسىپ قىلغان بىر جامائەت بولۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ خەيرلىك ئۈممەت ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئىمانغا دەۋەت قىلغان بىر دەۋەتچىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغان ھامان ئىمان ئېيتقان ئىدى.

بىزمۇ اللهنىڭ ئىماننى بىزگە خۇددى ئاشۇلارغا قىزغىن سۆيدۈرگىنىدەك قىزغىن سۆيدۈرۈشىنى، ئۇنى دىللىرىمىزدا خۇددى ئاشۇلارنىڭ دىللىرىدا كۆركەم قىلغانىدەك كۆركەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىماننى پۈختىلاش بىزنىڭ بىرىنچى تەييارلىقىمىزدۇر.

6 - ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن جىھادقا تەييارلىق قىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ ئۇلۇغ دەۋەتنىڭ پەقەت جىھاد قىلىش، قۇربان بېرىش، كۈچ چىقىرىش، جېنىنى ۋە مېلىنى پىدا قىلىش ئارقىلىقلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى تونۇپ يەتكەن ۋە بايقىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار جانلىرىنى، ماللىرىنى ۋە پۈتۈن بارلىقىنى تىكىپ تۇرۇپ، الله يولىدا ھەقىقىي رەۋىشتە جىھاد قىلدى.

ئۇلار الله تائالانىڭ ئۆزلىرىگە قاراتقان مۇنۇ خىتابىغا قۇلاق سالغان ئىدى: ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللهتىن، اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم

بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، اللە پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ، دېگىن﴾[1].

مۇئمىنلەر بۇ ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، پۈتۈن نەرسىلىرىدىن چىن خۇشاللىق ۋە كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن كېچىپ، جانابى اللەقا قىلغان بەيئىتىدىن خۇش بېشارەت ئالغان ھالدا ئىلگىرىلىدى.

ساھابىلەردىن بىرى ئاخىرقى تىقىنى بىلەن ۋىدالىشىۋېتىپ: "اللەنىڭ ھۇزۇرىغا ئوزۇق – تۇلۇك ئالماستىن يۈگۈرگىنىمچە كېتىۋاتىمەن" دېگەن ئىدى.

ئۇلاردىن يەنە بىرى پۈتۈن مال - دۇنياسىنى اللە يولىدا ئىشلىتىۋەتكەندىن كېيىن: "ئائىلەم ئۈچۈن اللەنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قويۇپ قويدۇم" دېگەن ئىدى.

ئۇلاردىن بىرىنىڭ بوينىغا قىلىچ تەگلەنگەندە، ئۇ: "مۇسۇلمان ھالىتىمدە ئۆلسەملا، تېنىمنىڭ قايسى تەرەپكە يىقىلىشى مۇھىم ئەمەس" دېگەن ئىدى.

شۇنداق، ئۇلار ھەقىقىي رەۋىشتە جىھاد قىلغان، ناھايىتى چوڭ پىداكارلىق كۆرسەتكەن، اللە يولىدا بارلىقىنى ئايىماي سەرپ قىلغان ئىدى. بىزمۇ شۇلاردەك بولۇشقا تىرىشىمىز.

***

[1] سۈرە تەۋبە، 24 - ئايەت.

# تۆتىنچى، ئىسلامىي خىزمەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ياخشى چۈشىنىشىم كېرەك

كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، روھىي يۆنىلىش، مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۆنىلىش، خەير – ئېھسانغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى يۆنىلىش، سىياسىي يۆنىلىش ۋە ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تاكامۇللىشىشى قاتارلىق نۇقتىلاردا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەن نېمە ئۈچۈن باشقا ھەرىكەتلەرگە مەنسۇپ بولماي ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولىدۇم؟ مېنى باشقا ھەرىكەتلەرگە مەنسۇپ قىلماي ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ قىلغان ئامىل زادى قايسى؟ بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ؟ ئىسلام مەنتىقىسى تاسادىپىيلىقنى قەتئىي رەت قىلىدىغان تۇرسا! ياكى بۇ، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ھەقنى تونۇشنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇشۇم ماڭا بۇلارنى تولۇق بىلىشىمنى پەرز قىلىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولغانلىقىم ھەقىقەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغانلىقىمنىڭ، ھەرگىزمۇ شۇنداقلا ياكى قىزىقىپ مەنسۇپ بولۇپ قالمىغانلىقىمنىڭ ئىسپاتى بولۇشى ئۈچۈن ئىسلامغا خىزمەت قىلىشنىڭ باشقا يوللىرىنىمۇ بىلىشىمنى زۆرۈر قىلىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولغىنىمدا، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان باشقا يوللارنى، بۇ جەھەتتىكى ھەر خىل تەشكىلاتلارنى، تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىسلامىيەتنى تەمسىل قىلمايدىغانلىقلىرىنى، گەرچە بۇ تەشكىلاتلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىش نىسبىتىدە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ھېچبىرى

پەيغەمــــبەر ئەلەيھىســــسالامنىڭ تەلىماتلىرىغــــا تولــــۇق ئەھمىــــيەت بەرمەيدىغانلىقى ۋە بۇلارنىــڭ ھەربىــرى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ تەلىماتلىرىــدىن بىــر يــاكى بىرقانچىســىغىلا ئەھمىــيەت بېرىــپ، باشــقا تەرەپلەرنى سەل قارىغانلىقى ياكى ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى بىلىشىــم كېرەك.

ھەقىـــقەت شــۇكى، ئىســـلام دۇنياســـىنى ئايلانغــان ۋە كــۆزدىن كەچۈرگەن كىشى بــۇ جــايلاردا خىلمۇخــىل يۆنىلىشــلەر، بىــر - بىــرىگە ئوخشىمىغان ھەيئەتلەر ۋە تەشكىلاتلارنى كۆرەلەيدۇ.

**روھىـــي يــۆنىلىش:** بەزى جــايلاردا پەقەتــلا روھىـــي تەرەپــكە ئەھمىـــيەت بەرگەن گــۇرۇپپلار بــار. بــۇلار پەقەت روھىـــي جەھەتتىكــى تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بــۇ گــۇرۇپپلار پىكىــر، سىياســەت، جىھــاد، تەشكىلاتلىنىش، پروگراممىا تۈزۈشــكە مۇناســۋەتلىك ئىســلامنىڭ باشــقا تەرەپلىــرىگە پۈتــۈنلەي ســەل قارايــدۇ. بــۇلار شــۇنىڭ بىــلەن ھاياتنىــڭ ھەقىقەتلىرىــدىن ئۇزاقلىشــىپ، ئەتراپتــا مەيــدانغا كەلــگەن ھادىســە ۋە ۋەقەلەردىن خەۋەرسىز قالىدۇ. ئۆزلىرى ئىچىدە ياشــاۋاتقان شــارائىتلارنى ئۆزگەرتىش تۈگۈل، بۇ شەرت - شارائىتلارنى چۈشىنىشتىنمۇ ئاجىزدۇر.

**مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۆنىلىش:** ئىســلام دۇنياســىنىڭ بەزى جايلىرىدا، خىرىستىئان ياكى يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىغا قارشى تۇرۇش ياكى ئــۇلار بىــلەن بەسلىشـــش شــەكلىدە ھېســـسىياتقا بېرىلىــپ قۇرۇلغــان (مەســـلەن، مۇســـۇلمان ياشـــلار تەشـــكىلاتىغا ئوخشـــاش)، پەقەت مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۆنىلىشكىلا كۈچ چىقارغان بەزى تەشكىلات ۋە گۇرۇپپلار بار. بۇ تەشكىلاتلار دەســلەپكى قۇرۇلــۇش ئــامىللىرى ئىچىــدىلا چەكلىنىپ قېلىش بىــلەن بىــرگە، ئىســلامغا ۋە مۇســۇلمانلارغا قــاتتىق دۈشــمەنلىكى بىــلەن تونۇلغــان تەشــكىلاتلار تــۈزۈپ چىققــان نىــزام ۋە ئەھدىنامىلەرگە بېقىندى بولۇپ قېلىشلىرى تۈپەيلىدىن ئىســلامغا جىــق

زىيان سالىغان. بۇ كەبى مۇئامىلىلەر شەرىئەت قەتئىي چەكلىگەن ۋە ئىسلامىيەت تولىمۇ نەپرەتلەنگەن مۇئامىلىلەردۇر.

**خەير - ئېھسان جەھەتتىكى يۆنىلىش:** بەزى جايلاردا «گۈزەل ئەخلاقنى قانات يايدۇرۇش جەمئىيىتى»، «كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى»، «دارۇلئەيتام» قاتارلىق يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، كېسەللەرنى ۋە كەمبەغەللەرنى داۋالاش كەبى ئىجتىمائىي ئېھتىياجلارنى كۆزدە تۇتۇپ قۇرۇلغان بەزى جەمئىيەتلەر مەۋجۇت. بۇ جەمئىيەتلەر غايە ۋە مەقسەتلىرى جەھەتتىن قانچىلىك ماختاشقا ۋە تەقدىرلەشكە تېگىشلىك بولۇپ، ئىسلامىيەت بۇيرىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلغان غايە ۋە مەقسەتلىرى چېگرىسى ئىچىدە چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەرنى ھېچبىر زامان ئىسلامىي بىر جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىشنى ۋە يېڭىدىن ئىسلامىي ھاياتنى جانلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.

**سىياسىي يۆنىلىش:** ئىسلام دۇنياسىدا يەنە پەقەتلا سىياسەتنى مەقسەت قىلغان بەزى ئىسلامىي پارتىيەلەر بار. بۇ پارتىيەلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرىنى ئوخشىمىغان رەڭلەر بىلەن تونۇتۇپ، بەزى پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇ پىلانلاردىن قەتئىي چەتنەپ كەتمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامىي شوئارلارنى شوئار قىلىدۇ. لېكىن بۇ شوئارلار ئەمەلىيەتتە پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مەنسۇپ بولغۇچىلار ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغان ئېتىقادىي رېئاللىققا ئىگە بولمىغان، ئىچى بوش شوئارلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ پارتىيەلەر بەزى ۋاقىتلاردا «ماسلىشىش»، «ئېچىلىش» ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكىنى دەۋا قىلىش قاتارلىق قۇرۇق سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ بەزى ئاساسلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدۇ ياكى خىلاپلىق قىلىشتىن يانمايدۇ. مەسىلەن، بۇ پارتىيەلەردىن بەزىسى كاپىرلار تەرەپىدىن تۈزۈلگەن ئويدۇرما نىزاملار

ئاستىدىكى ھاكىمىيەتكە شېرىك بولۇش، ئەرزىمەس مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پۈتۈن كۈچىنى مۇشۇنداق جىڭغا ئولتۇرمايدىغان پارچە مەسىلىلەرگە سەرپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ.

**ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تولۇق تاكامۇللىششى:** بۇ ھەيئەتلەر، ئېقىملار ۋە ئىسلامىي پارتىيەلەر ھەممە جەھەتتىن مۇكەممەل ۋە تولۇق شەكىلدە ئىسلام ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ. كۆرگىنىڭلاردەك، بۇ جەمئىيەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە پارتىيەلەر جاھىلىيەتنى تاشلاپ، ئىسلامىيەتكە يۆتكىلىشتىن ئىبارەت ئۇ چوڭ ئۆزگىرىشنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، ئىسلام دۇنياسىنى ئازغۇن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئاسارىتىدىن، كاپىر ۋە زالىم ھاكىمىيەتلەردىن قۇتقۇزىدىغان، مۇسۇلمان شەخس، مۇسۇلمان ئائىلە، مۇسۇلمان جەمئىيەت ۋە اللهنىڭ كىتابىنى تەتبىقلايدىغان مۇسۇلمان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسىي بولغان چوڭ ئىشلارنى قىلىشتىن ئاجىزدۇر.

شۇ سەۋەبتىن، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى مېۋىسىز، چۈشىنىكسىز ۋە مەنىسىز بولىدۇ. تېخىمۇ زىيادىسى، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بەزىسى ئىسلام نامىدا بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامىيەتكە زىيان سالىدۇ. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ شاخچە مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشلىرى ۋە ئەمەللىرىنىڭ كەمچىللىكى باشقىلارغا ئىسلامنى شۇنداق كەمچىل ۋە نۇقسانلىق كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئىسلام دىنى بۇنداق شاخچە مەسىلىلەرنىڭ كەمچىللىكلىرىدىن بىزار ۋە پاكتۇر. بەزىدە بۇ شاخچە مەسىلىلەر مۇسۇلمانلارغا ئىنسانلار تەرەپىدىن ئويدۇرۇلغان قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ خەتىرىنى ئاز كۆرسىتىپ، مۇسۇلمالار تەرىپىدىن كېلىدىغان زەربىلەرنى خەتەرلىك كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئويدۇرما قانۇن ۋە نىزاملار ئاستىدا رازى بولۇپ ياشاشلىرى ۋە بۇ ئويدۇرما قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ يىقىلماي پۈت تىرەپ تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

«ھەر جەھەتــتە ئــۆزگەرتىش» ئۈچــۈن خــىزمەت قىلــىش ۋە تەييارلىق قىلىش ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام ئۈچۈن ئىشلىگەن، ئىســلامنى پۈتــۈن ھالىتـــدە قوبــۇل قىلغــان ۋە ئىســلامنىڭ پۈتــۈن ھۆكۈملىرىنى پۈتۈنلۈكى بىــلەن تەتبىــق قىلىشــقا تىرىشــقان پائــالىيەتلەر بەزىدە ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالىسىمۇ، بەزى باسقۇچلاردا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىســـىمۇ، ئىســـىملىرى يــاكى تاشــقى نــاملىرى نــېمە بولۇشـــىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقــي ئىســتراتېگىيەنى تەمســىل قىلغــان، ھەقىقــي ۋە ئەيىبسىز پائالىيەتلەردۇر.

چـــۈنكى ئىســـلام دۆلەتلىرىـــدە مۇشـــۇنداق پائـــالىيەتلەرنى يۈرگۈزىۋاتقانلارنىڭ مەملىكەتلىــرى ۋە تۈرالغــۇ جــايلىرى بىــر - بىرىــدىن قانچە يىراق بولۇپ كەتسىمۇ، چۈشەنچە بىرلىكى، ئۇسلۇب بىرلىكى، يــول بىرلىكى ۋە غايە بىرلىكىدە بىرلىشەلەيدۇ.

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا ئىســلام ئۈچــۈن خــىزمەت قىلىــدىغان جامائەتنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن ئەڭ روشەن شەكىلدە بايان قىلىپ بەرگەن: "ئى قېرىنداشلار! سىلەر خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتــى ئەمەسسىلەر، سىياسىي پارتىيەمۇ ئەمەســسىلەر، چەكلىــك غــايە ئۈچــۈن خىزمەت قىلىدىغان مەھەللىۋى تەشكىلاتمۇ ئەمەسسىلەر. سىلەر پەقەت بۇ ئۈممەتنىڭ يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىدىغان يېڭى روھسىلەركى، سىلەر ئــۇ ئۈممەتنى قۇرئان بىلەن يېڭىدىن جانلاندۇرىسىلەر. سىلەر يېڭىدىن نــۇر چېچىپ چىققان قۇياشسىلەركى، ماتېرىيالىستلارنىڭ قارا زۇلمەت قاپلىغان تۈگۈلۈكىنى ئاللاھنىڭ مەرىپىتى بىلەن بۆسۈپ كىرىسىلەر. سىلەر پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى جاراڭلىتىدىغان كۈچلۈك ئاۋازسىلەر"[1].

---

[1] ئىمام ھەسەن بەننانىڭ «رىساللىلەر مەجمۇئەسى»دىن.

## بەشىنچى، ئىسلامىي ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشنىڭ نەقەدەر قىيىن مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىم كېرەك

كىتابنىڭ بۇ قىسمىدا، ئىسلام ھەرىكىتىگە ئېتىقادىي جەھەتتىن مەنسۇپلۇق ۋە مەڭگۈلۈك مەنسۇپلۇق ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇش بولسا، ئەزالىق ئىلتىماسى سۇنۇش، تىزىملىككە ئالدۇرۇش ياكى ھەرىكەتنىڭ يېغىنلىرىغا قاتنىشىش ۋە مەركەزلىرىگە بېرىپ كېلىش بىلەن ئەمەلىيلەشىدىغان مەنسۇپلۇق ئەمەس. ئەكسىچە، شەكلىي ۋە تاشقى كۆرۈنۈش چېگرىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئېتىقادىي، پىكرىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتە كۈچلۈك باغلىنىش بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ.

**ئېتىقادىي جەھەتتىن مەنسۇپلۇق:** ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولغان ۋاقتىمىزدا بىلىشىمىز زۆرۈر بولغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بۇ ھەرىكەتكە ئېتىقادىي جەھەتتىن باغلانغانلىقىمىزنى بىلىشىمىزدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ ھەرىكەت سىياسىي ئورگانلاردىكى ئۇقۇمۇشلۇق شەخسىي ئەزالىق شەكلىنى ھەرىكەتنىڭ يوقىلىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان يوقۇملۇق مىكروپ دەپ قارايدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇش ئالدى بىلەن بۇ دىنغا مەنسۇپ بولغانلىقتۇر. شۇڭا بۇ، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، رەھمىتى ۋە رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىش ھېسابلىنىدۇكى، شەخسلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ياكى قانداقتۇر بىرەر سەۋەب تۈپەيلى دەۋەت ساھەسىدىن غايىب بولۇشى بۇ ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ھەرىكىتى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ اللەقا باغلىنىشىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن توپلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋەتنىڭ

مەڭگۈ داۋام قىلىشىنىڭ سىرىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدا بەزى ساھابىلەر ئۆزلىرىنى تۇتالماي قالغان ئىدى. شۇ چاغدا، ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

"سىلەردىن قايسىبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چوقۇنغان بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. كىمكى اللهقا چوقۇنغان بولسا، بىلسۇنكى، الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ"[1].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يُبَايِعُونَكَ إِنَّمَا يُبَايِعُونَ اللَّهَ يَدُ اللَّهِ فَوْقَ أَيْدِيهِمْ فَمَن نَّكَثَ فَإِنَّمَا يَنكُثُ عَلَى نَفْسِهِ وَمَنْ أَوْفَى بِمَا عَاهَدَ عَلَيْهُ اللَّهَ فَسَيُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا**﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، (ئى مۇھەممەد! ھۇدەيبىيىدە) ساڭا (رىزۋان) بەيئىتىنى قىلغانلار (ھەقىقەتتە) اللهقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، اللهنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر (يەنى الله ئۇلارنىڭ قىلغان بەيئىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، الله ئۇلارنى بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ)، كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، الله بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا الله بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ﴾[2].

شۇنىڭدەك، ئىسلام ھەرىكىتى كۆڭلى خالىغانلىق ئۈچۈن مۇنداقلا باغلىنىپ قويۇشنى ھەم رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام نىزامى كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچە ئۈستىگە بىنا قىلىنغان ھايات نىزامىدۇر. شۇڭا، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرا ئاڭ، توغرا چۈشەنچە ۋە ساغلام ئېتىقاد بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، بۇ نىزامنى جەمئىيەتتە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە فەتىھ، 10 ـ ئايەت.

شۇ سەۋەبتىن، ئېتىقادىي چۈشەنچە، ھەرىكەت ئېڭى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇش ئۈچۈن تەلەپ قىلىدىغان شەرتلەردىندۇر. ھەتتا ئىسلام كىملىكى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، بۇنى ئەمەلىيىتىدە رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ئىسلامىي ھەرىكەت كارۋىنى ئىچىدە مېڭىش، بۇ كارۋان ئىچىدە تۇرۇپ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇشنى كېرەكلىك قىلىدىغان ئىشلارنى ياخشى بىلىش ۋە توغرا ئاڭغا ئىگە بولۇش قاتارلىقلارنى شەرت قىلىدۇ. يېرىم يولدا چۈشۈپ قالىدىغانلارنىڭ ياكى كارۋاننى تېز تاشلىۋېتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يولنىڭ چەك - چېگرىلىرىنى تولۇق بىلمەي، ھېسسىياتىغا بېرىلىپ، بۇ ھەرىكەتكە مەلۇم شارائىت ئاستىدا مۇنداقلا مەنسۇپ بولۇپ قويغان ۋە ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشنى كېرەكلىك قىلىدىغان ئىشلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشەنمىگەن كىشىلەردۇر.

ئىسلام ھەرىكىتى بىرەر مەنپەئەت ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇشنىمۇ ھەم رەت قىلىدۇ. يەنى ئىسلام ھەرىكىتى ئىنسانلارنىڭ شەخسىي مەقسەتلىرى، خۇسۇسىي غەرەزلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەزا بولىدىغان، ماددىي ياكى ئىجتىمائىي مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ھەرىكەت ئەمەس.

ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بۇلۇش كىشىنىڭ پۈتۈن تاقىتىنى جامائەتنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىشى، شەخسىي مەنپەئەتنى ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ، ئەمەلىيەتنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىسلامغا مەنسۇپ بولۇش كىشىنىڭ ئۆزىنى پۈتۈن ناچار ئىللەتلەردىن ساقلىشى، نەپسىنى پاكلىشى ۋە ئىدىيەسىنى رۇسلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ: «شەك – شۈبھىسىزكى، ئەمەللەر (نىڭ قوبۇل بولۇشى) نىيەت (نىڭ توغرا بولۇشى) كە باغلىقتۇر، ھەرقانداق كىشى نىيەت

قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىكەن (يەنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى نىيەت قىلىپ ھىجرەت قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ھىجرىتى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولىدۇ. كىمكى مال – دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىرەر ئايال بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى ھىجرەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ»[1].

**مەڭگۈلۈك مەنسۇپلۇق:** ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولۇشتا ئەمەلىيلىششى كېرەك بولغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بۇ ھەرىكەتكە مەنسۇپلۇقۇم ئۈزلۈكسىز ۋە مەڭگۈلۈك بولۇشى كېرەك. يەنى ئىسلام ھەرىكىتىگە باغلىنىشىم ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋام قىلىشى كېرەك. ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى شەرتلەر قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. ھەرىكەتنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرى ياكى مەلۇم شەرت ـ شارائىتىدا ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ باسقۇچ ياكى ئۇ شارائىت ئاخىرلاشقاندا ئۇنىڭ ھەرىكەتكە بولغان مەنسۇپلۇقمۇ ئاخىرلىشىدىغان بىر مەنسۇپلۇق بولماسلىقى لازىم.

بۇ ھەرىكەتكە ياش ۋاقتىدا مەنسۇپ بولۇپ، قېرىغاندا تاشلىۋېتىدىغان، يوقسۇل ۋە قىيىن كۈنلەردە مەنسۇپ بولۇپ، باي بولغاندا ياكى ئاسانلىققا چىققاندا ۋاز كېچىدىغان، باياشات كۈنلەردە مەنسۇپ بولۇپ، ئېغىر كۈنلەردە يۈز ئۆرىيدىغان مەنسۇپلۇق بولماسلىقى كېرەك.

ئىسلام ھەرىكىگە مەنسۇپ بولۇش مەڭگۈلۈك مەنسۇپلۇق بولۇشى كېرەككى، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان ھەرقانداق كىشى تا ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىقى، چېكىنمەسلىكى ۋە قاچماسلىقى لازىم. بۇ، بۈرۈن ئۆتكەن ۋە ياخشىلىقتا نام چىقارغان كىشىلەرنىڭ يولىدۇر. بۇ يول

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردە تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئايەتلەردىن بەزىسى مۇنۇلاردۇر: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ فَإِذَا أُوذِيَ فِي اللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ النَّاسِ كَعَذَابِ اللَّهِ وَلَئِن جَاء نَصْرٌ مِّن رَّبِّكَ لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمْ أَوَلَيْسَ اللَّهُ بِأَعْلَمَ بِمَا فِي صُدُورِ الْعَالَمِينَ وَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْمُنَافِقِينَ﴾ «بەزى كىشىلەر: «اللهقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، اللهنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى اللهنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. الله جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟ الله مۇئمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ»[1]؛ ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَعْبُدُ اللَّهَ عَلَى حَرْفٍ فَإِنْ أَصَابَهُ خَيْرٌ اطْمَأَنَّ بِهِ وَإِنْ أَصَابَتْهُ فِتْنَةٌ انقَلَبَ عَلَى وَجْهِهِ خَسِرَ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةَ ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ﴾ «بەزىلەر اللهقا شەك - شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، اللهقا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر»[2]؛ ﴿وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُواْ لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَمَا ضَعُفُواْ وَمَا اسْتَكَانُواْ وَاللّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلاَّ أَن قَالُواْ ربَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ فَآتَاهُمُ اللّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الآخِرَةِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن اللهقا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى،

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 10 – ۋە 11 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە ھەج، 11 - ئايەت.

بوشاشــمىدى، بــاش ئەگمــىدى، اللە ئۆزىنىــڭ يولــىدا دۇچ كەلــگەن قىيىنچىلىقلارغــا چىداشــلىق بەرگــۈچىلەرنى دوســت تۇتــىدۇ. ئۇلارنىــڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشــىمىزدا چەكــتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنــى (جەڭ مەيدانىــدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كــاپىر قەۋمــگە قارشــى بىــزگە يــاردەم بەرگــىن» دېگەنــدىن باشــقا بولمــىدى. اللە ئۇلارغــا دۇنيانىــڭ ســاۋابىنى (يەنــى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنــى جەنــنەت ۋە ئۇنىــڭ نېمەتلىرىنــى) ئاتــا قىلــدى، اللە ياخشــىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

شۈبھىسىزكى، ھەقكە دەۋەت قىلىش ھەق ئۈســتىدە مۇســتەھكەم تۇرۇشــقا، ئىمانغــا، ئەمەلــگە، جىھادقــا، ئالــدىنقى ســەپكە بېرىشــقا، چىدامىلىق بولۇشقا، قۇربان بېرىشكە، مــال - مــۈلكىنى ســەرپ قىلىشــقا، پىداكارلىق كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلــىدۇ. بــۇ دەۋەت ئەگەشــكۈچىلىرىنى تەبىئىي ھالدىلا باتىل ئەھلىنىڭ تەھدىتلىرىگە، دۈشمەنلىكىگە، ھــىيلە - مىكىرلىرى ۋە خىيانەتلىرىگە قارشى تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ: ﴿**وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنكُمْ وَالصَّابِرِينَ وَنَبْلُوَ أَخْبَارَكُمْ**﴾ ﴿بىز سىلەرنى ئەلــۋەتتە (جىھادقا ئەمــر قىلــىش ۋە مۇشــەققەتلىك ئىشــلارغا تەكلــىپ قىلــىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (اللە نىڭ يولىدا) جىھــاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾[2].

ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولغۇچىلار ئەخلاقىدا، مۇئامىلىسىدە ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىدا نورمال ئىنســانلاردىن پەرقلىــق بولۇشــى كېــرەك. شــەرت - شــارائىتنىڭ نــېمە بولۇشــى ۋە ئەھۋالنىــڭ قانــداق بولــۇپ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 146 – ئايەتتىن 148 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە مۇھەممەد، 31 - ئايەت.

كېتىشىگە قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش، پرىنسىپلىرى ئۇچۇن ياشاش بۇ ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولغانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋاجىپتۇر. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى تاشلىشى، دەۋەت مەنپەئەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇشى لازىم. ئىسلامىي شەخسلەرنىڭ مۇشۇنداق سۈپەتلەر بىلەن نۇرلىنىشى پەقەت پۈتۈن جاپا - مۇشەققەتلەرگە ۋە قىيىن - قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇزۇن زامان خىزمەت قىلىش ئارقىلىق تەجرىبە ئىگەللىگەندىن كېيىنلا ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ: ﴿**فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاء وَأَمَّا مَا يَنفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الأَرْضِ**﴾ ﴿كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ﴾[1].

بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېغىرچىلىق ۋە مۇسىبەتلەر ياخشىنى يامانىدىن ئايرىش ئۈچۈن، زېمىنغا خەلىپە بولالايدىغان، ئاسمانلار، زېمىن ۋە تاغلار كۆتۈرۈشنى قوبۇل قىلمىغان ۋە قورققان كاتتا ئامانەتنى كۆتۈرەلەيدىغان كىشىلەرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن اللە تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەتتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُ وَتِلْكَ الأيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللّهُ الَّذِينَ آمَنُواْ وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَاء وَاللّهُ لاَ يُحِبُّ الظَّالِمِينَ.وَلِيُمَحِّصَ اللّهُ الَّذِينَ آمَنُواْ وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ**﴾ ﴿ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) اللەنىڭ (ھەقىقىي)

---

[1] سۈرە رەئد، 17 – ئايەت.

مۇئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ. مۇئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر﴾[1].

ئىسلام دەۋەتچىلىرى دەۋەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىككى خىل سىناققا دۇچار بولىدۇ. پۇتۇن جاپا - مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار مۇشۇ ئىككى خىل سىناق ئاستىدا مەيدانغا كېلىدۇ:

1- ئىسلام دەۋەتچىلىرى پرىنسىپلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ياكى ھەممىسىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە مال - دۇنيا، مەنسەپ، ھوقۇق، ماقام ۋە شۆھرەت ۋەدە قىلىنغانلىقى ئوخشاش ھەر خىل نەيرەڭۋازلىق ۋە ئالدامچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ. قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ**﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللهنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك. ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار

[1] سۇرە ئال ئىمران، 140 - ۋە 141 – ئايەتلەر.

ئۇچۇن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۇچۇن) يەنە اللهنىڭ رىزاسى بار. الله بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

2 - ئىسلام دەۋەتچىلىرى بۇ يولدا ھەر خىل قورقۇنچ، تەھدىت، قىيىن - قىستاق ۋە ئەزىيەتلەرگە دۇچار بولىدۇ، تاياق يەيدۇ، تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ، رىزىق يوللىرى ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا، ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپە الله تائالانىڭ ھۆكمى كەلگەنگە قەدەر سەۋر قىلىپ، دەۋەتلىرىدە مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُواْ لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَاناً وَقَالُواْ حَسْبُنَا اللّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ. فَانقَلَبُواْ بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللّهِ وَفَضْلٍ لَّمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُواْ رِضْوَانَ اللّهِ وَاللّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ**﴾ ﴿مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان ئادەملەر ئۇلارغا: شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! دېدى. ئۇلار اللهنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. الله ئۇلۇغ پەزلى ئىگىسىدۇر﴾[2].

ئىسلام ھەرىكىتى بېشىغا كېلىدىغان بۇ خىل ھادىسىلەرنى تەجرىبە ئىگەللەش ئامىللىرىدىن بىر ئامىل، روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىش ۋە پاكلىنىش ۋاسىتىلىرىدىن بىر ۋاسىتە دەپ بىلىدۇ. ئوت تۆمۈرنىڭ دېتىنى تازىلىغاندەك، دەۋەت يولىدا كەلگەن مۇسىبەتلەرمۇ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 14 – ۋە 15 - ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 173 – ۋە 174 - ئايەتلەر.

نەپسىنىڭ دېتىنى پاكلايدۇ: ﴿وَنَبْلُوكُم بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ﴾ ﴿سىلەرنى بىز يامانلىقتا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر﴾[1].

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا «تۇنۇگۇن بىلەن بۈگۈن ئارىسىدا» ناملىق رىسالىسىنىڭ «يولىمىزدىكى توسالغۇلار» ناملىق تېمىسىدا مۇنداق دېگەن: "سىلەرگە شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قويايكى، سىلەرنىڭ بۇ دەۋايىڭلار نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ كاللىسىدا تېخى ئېنىق ئەمەس. ئۇلار بۇ دەۋانى تونۇغان ۋە غايە - مەقسەتلىرىنى بىلگەن كۈنى، بۇ دەۋا ئۇلار تەرىپىدىن قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە ئەشەددىي دۈشمەنلىككە ئۇچرايدۇ. سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا نۇرغۇن مۇشەققەت ۋە توسالغۇلار چىقىدۇ. سىلەر پەقەت مۇشۇنداق پەيتتىلا دەۋا ئىگىلىرىنىڭ يولىدا مېڭىشقا باشلىغان بولىسىلەر. لېكىن سىلەر ھازىرچە مەجھۇل تۇرىۋاتىسىلەر. دەۋا ئۈچۈن ۋە دەۋا تەلەپ قىلغان كۈرەش ۋە جىھاد ئۈچۈن تېخىچە تەييارلىق قىلىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىسىلەر. خەلقنىڭ ئىسلامىيەتنى بىلمەسلىكى سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا توسالغۇ بولىدۇ. دىندارلار ۋە ئالىملارنىڭ ئىچىدىن سىلەرنىڭ ئىسلام چۈشەنچەڭلارنى خاتا كۆرىدىغان، ئىسلام ئۈچۈن قىلغان جىھادىڭلارنى ئىنكار قىلىدىغانلار چىقىدۇ. رەئىسلەر، باشلىقلار، رەھبەرلەر نوپۇزلۇق كىشىلەر سىلەرگە ئاداۋەت قىلىدۇ. بارلىق ھۆكۈمەتلەر ئوخشاشلا سىلەرگە قارشى چىقىدۇ، پائالىيەتلىرىڭلارنى نابۇت قىلىشقا ۋە يولۇڭلارغا توسالغۇ بولۇشقا تىرىشىدۇ.

سىلەرنىڭ ھەقلىرىڭلارنى تارتىۋالغانلار ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سىلەرگە قارشى چىقىشقا ۋە دەۋىتىڭلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشكە ئورۇنىدۇ. ئۇلار بۇنى قىلىشتا ئاجىز ھۆكۈمەتلەردىن، ناچار ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ۋە ئۆزلىرىگە بېقىندى قىلىش مەقسىتىدە سىلەرگە زۇلۇم

[1] سۈرە ئەنبىيا، 35 – ئايەت.

قىلىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن قوللاردىن ياردەم سورايدۇ. ھەممە بىردەك ئۆزلىرىنىڭ كۈچى، سەلتەنىتى، پۇل - ماللىرى ۋە نوپۇزىغا تايىنىپ، سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلار ئۈستىدىن شۈبھە تۇغدۇرىدۇ، تۆھمەت چاپلايدۇ، پۈتۈن كەمچىلىكلىرىنى دەۋەت ئۈستىگە ئارتىشقا تىرىشىدۇ: ﴿يُرِيدُونَ لِيُطْفِؤُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿ئۇلار اللهنىڭ نۇرىنى (يەنى اللهنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر)﴾[1].

شۈبھىسىزكى، سىلەر بۇنىڭ بىلەن تەجرىبە ئىگەللەش ۋە ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىش مەزگىلىگە كىرگەن بولىسىلەركى، تۈرمىلەرگە سولىنىسىلەر، قولغا ئېلىنىسىلەر، يۇرتلىرىڭلاردىن سۈرگۈن قىلىنىسىلەر، مال - مۈلكىڭلار ۋە خىزمىتىڭلار مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئۆيلىرىڭلار ئاختۇرۇلىدۇ. بەلكى، بۇ سىناقنىڭ ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ: ﴿أَحَسِبَ النَّاسُ أَن يُتْرَكُوا أَن يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ﴾ ﴿ئىنسانلار ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟﴾[2]

لېكىن، الله تائالا مۇشۇنداق مۇسىبەتلەردىن كېيىن مۇجاھىدلارغا ۋە ھەق يولدا چىڭ تۇرۇپ ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ .تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ. يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي

[1] سۈرە سەف، 8 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 2 ـ ئايەت.

**مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ .وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ .يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونوا أَنصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ اللَّهِ فَآمَنَت طَّائِفَةٌ مِّن بَنِي إِسْرَائِيلَ وَكَفَرَت طَّائِفَةٌ فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ﴾** ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللهنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت اللهتىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئى مۇئمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن قەۋم)دەك اللهنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلارغا: «(اللهنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) اللهقا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟» دېدى، ھەۋارىيۇنلار: «بىز اللهنىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دېدى، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى، مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار - يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى﴾[1].

---

[1] سۈرە سەف، 10 – ئايەتتىن 14 – ئايەتكىچە.

ئۇنــداقتا، ســىلەر ﷲنىــڭ دىنىغــا يــاردەم قىلىشــتا مۇســتەھكەم تۇرالامسىلەر؟"

***

# ئالتىنچى، ئىسلامىي خىزمەتنىڭ نۇقتىلىق پرىنسىپلىرىنى ياخشى بىلىشىم كېرەك

كىتابىنىڭ بۇ قىسىمىدا، غايىنىڭ ئوچۇق بولۇشى، قوللىنىدىغان ئۇسلۇبنىڭ ئېنىق بولۇشى، ئىسلام خىزمىتىنىڭ ئۆزگەرتىش تەبىئىتىگە، پۇتكۇللۇك تەبىئىتىگە ۋە ئالەمشۇمۇللۇق تەبىئىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسلۇبى، ھەرىكەت ئىستراتېگىيىسىدىكى ماددىي كۈچنىڭ مۇھىملىقى قاتارلىق نۇقتىلاردا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئىسلامىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇنۇ ئۈچ نۇقتىنى ياخشى بىلىشى كېرەك:

**1) غايىنىڭ ئېنىق بولۇشى.**

**2) ئۇسلۇبنىڭ ئېنىق بولۇشى.**

**3) بۇ ئىككىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىش.**

**بىرىنچى، غايىنىڭ ئېنىق بولۇشى:** ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا غايىنىڭ ئېنىق ۋە روشەن بولۇشى، بۇ غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ غەيرەت قىلىشى، بۇ غەيرەتنىڭ شاخچە ۋە جۇزئىي مەسىلىلەرگە سەرپ قىلىنماسلىقى، ئىسلامىي خىزمەت نىشان قىلىنغان پۈتۈن ئىمكانلار پەقەتلا شۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشى، بۇ ئىمكانلارنىڭ ھەل قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ئاساسىي مەسىلىلەر بىر تەرەپتە قېلىپ، كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ بولىدىغان كىچىك مەسىلىلەر ئۇستىدىكى تالاش – تارتىشلارغا سەرپ قىلىنىپ كەتمەسلىكى ئاساس قىلىنىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى، اللهنىڭ كىتابىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى، ئىسلام تارىخىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا

ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەرنى دىققەت بىلەن تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى مۇددىئاسى ۋە غايىسى ئىنسانلارنى، مەيلى ئۇلار يەككە ھالەتتە ياكى جەمئىيەت ھالىتىدە بولسۇن، بىردەك اللهقا ئىبادەت قىلدۇرۇش، ئۇلارنى ئۇنىڭغا خۇددى مەسجىدتە ئىبادەت قىلدۇرغاندەك، بازارلاردىمۇ ئېلىم - سېتىم قىلغانلىرىدا ھەم ئىبادەت قىلدۇرۇش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بەندىچىلىك قىلدۇرغاندەك، روزا تۇتقۇزۇش ئارقىلىقمۇ بەندىچىلىك قىلدۇرۇش، دۇئا قىلغانلىرىدا ئىبادەت قىلدۇرغاندەك، مەھكىمە ئىشلىرىدىمۇ ئىبادەت قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1].

تېخىمۇ روشەن قىلىپ ئېيتساق، ئىنسانلارنى اللهقا ئىبادەت قىلدۇرۇشتىن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ئىشلىرىدا الله تائالاغا مۇھەببەت باغلىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇلار دىنىي ئىشلاردىلا ئەمەس، دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشى كېرەك. چۈنكى ئىسلام دۇنيا ئىشلىرى بىلەن دىنىي ئىشلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ. ئىسلام دىنى «دىنىي ئىشلارنى دۇنيا ئىشلىرىدىن ئايرىش لازىم، پادىشاھنىڭ ھەققى پادىشاھقا خاس، اللهنىڭ ھەققى اللهقا خاس، دىن اللهنىڭ، ۋەتەن ھەممىنىڭ» دەيدىغان پەلسەپە ئۈستىگە قۇرۇلغان "ئەلمانىيلىق"نى ئىسلامدىن چىققانلىق دەپ قارايدۇ.

ئىسلام چۈشەنچىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئاۋام خەلقنى زالىملارغا تېز پۈكتۈرىدىغان ئويدۇرما قانۇن ۋە نىزاملارنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى پەقەت اللهقىلا قۇلچىلىق

[1] سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

قىلدۇرۇۋىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ مەبۇدلۇقىغا ۋە ھۆكۈمدارلىقىغا ئوچۇق - ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىدۇ: ﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ﴾ ﴿بارچە ھۆكۈم پەقەت اللەقا خاس﴾[1].

دېمەك، بۇ نىزاملار ئۆزىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردىمۇ مەغلۇب بولغاچقا، ئىنساننىڭ ئىنسانلىق سالاھىيتىنى بەلگىلەش ئىمكانىدىنمۇ ئاجىز كەلمەكتە: ﴿أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لاَّ يَخْلُقُ أَفَلا تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان اللە بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر﴾[2].

**ئىككىنچى، ئۇسلۇبىنىڭ ئېنىق بولۇشى:** ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن اللەنىڭ شەرىئىتىنى پۈتۈن يەر شارىدا تەتبىقلاشقا ھەرىكەت قىلىش ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىشىمىز كېرەك. مۇنداق دېگەنلىك، زالىملار تەرىپىدىن ھاۋايى ھەۋەسكە تايىنىپ بەلگىلەنگەن ئويدۇرما قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ ئورنىغا اللەنىڭ شەرىئىتىنى تىكلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. اللە تائالانىڭ تەلىماتى ۋە شەرىئىتى باشقا قانۇنلارغا ھاجەت چۈشمەيدىغان دەرىجىدە تولۇق ۋە مۇكەممەلدۇر. اللە تائالانىڭ تەلىماتى ۋە شەرىئىتىدە ئەڭ ئۇلۇغ ئەقىدە، ئەڭ گۈزەل ئەخلاق، ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا ئۇيغۇن ھالدا تەتبىقلىنىشقا ھازىر ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك قانۇنلار بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا قانۇن ۋە نىزاملارغا ھېچ ھاجەت يوق.

شۇڭلاشقا، جاھالەت باسقان جەمئىيەتتە پەقەت ئىسلام ئىنقىلابىنى قوزغاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان كۈچ ۋە ئىمكانلارغا ئىگە بولغانغا قەدەر ياشاشقا بولىدۇ. چۈنكى ئاساسى غايە بۇ ئىنقىلابنى

---

[1] سۈرە ئەنئام، 57 – ئايەت.

[2] سۈرە نەھل، 17 - ئايەت.

ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يـاردىمى تەگمەيـدىغان يـاكى بـۇ ئىنقىلابقـا ئېرىشــش ئۈچــۈن چــۈزئىي بولســمۇ پايدىســى بولمايدىغان ھەرقانداق پائالىيەت مۇھىم ئىشنى قويۇپ مـۇھىم بولمىغـان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغـانلىق ھېسـابلىنىدۇ: ﴿فَلِذَلِكَ فَادْعُ وَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ﴾ ﴿شــۇنىڭ ئۈچــۈن (يەنــى دىنــدا ئىخــتىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسـانلارنى تـوغرا دىـن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە تـوغرا يولـدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴾[1].

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۇسلۇبىغا كەلسـەك، بـۇ مەسـىلە ئىســلام ئۈچــۈن خىــزمەت قىلىــدىغانلار ھەم پىكىــر بولالمىغــان بىــر مەسىلىدۇر. ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك غايە ۋە مەقســـەتلىرىنىڭ سايىســـى ئاســـتىدا، شـــۇنداقلا، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ غايە ۋە مەقسەتلەرنى ئەمەلىيلەشـتۈرۈش ئۈچـۈن تايانغـان ئۇسـلۇبلىرىدىن پايـدىلىنىش ئـارقىلىق بـۇ ئۇسـلۇبنىڭ چەك - چېگرىسىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. ئىسـلام ھەرىكىتـىدە قوللىنىلـىدىغان ئۇسلۇبنىڭ غايىسى ئىسلام ئۈچـۈن خىـزمەت قىلىشـنىڭ خـاراكتېرى ۋە ئۆلچىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىسلام تەلىماتىنىڭ غايىســى ئىســلام ئۈچـۈن خىـزمەت قىلىـش ئۇســـلۇبىنىڭ تەبىئىتىنــــى ۋە چەك - چېگرىلىرىنــــى بەلگىلەشـــتىن، شــۇنداقلا، ئىســلام ھەرىكىتــى ھەر زامــان ۋە ھەر ماكانــدا تايىنىشــقا تېگىشلىك پىـلان – لايىھەنـىڭ ئاساسـى پرىنسـىپلىرىنى بەلگىلەشـتىن ئىبارەتتۇر.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسـلام ئۈچـۈن خـىزمەت قىلىش ئۇسلۇبى خىزمەتنـىڭ ئاساسـى غايىسـى بەلگىلىـگەن قائىـدە -

[1] سۈرە شۇرا، 15 – ئايەت.

پرىنسىپلارغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا ئەمەلىي تەتبىقلىغان ئەسلى ئۇسۇللارغا مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

چۈنكى تەلىماتلاردىن قايسىبىرىنىڭ غايىسى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ تەبىئىتىمۇ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، مەدەنىي ۋە غايىنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك، غايىمۇ تەلىم – تەربىيە، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، تەن – تەربىيە ئىشلىرى ۋە خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىدىكى خىزمەت ئۇسلۇبىنىڭ تەبىئىتىمۇ ئۆزىنىڭ غايىسى بىلەن ماسلىشىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىسلام تەلىماتىنىڭ غايىسى ئىنسانلارنى ئەخلاق، مۇناسىۋەت، تۈزۈم، قانۇن جەھەتلەردە ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدە اللهقا قۇلچىلىق قىلدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ مەنىسى ئىسلام تۈزۈمىنى باشقا بارلىق تۈزۈملەرنىڭ ئورنىغا ئەكىلىش، مەۋجۇد نىزامنى ئىسلامىي نىزام بىلەن ئالماشتۇرۇش، يەنى، ھازىرقى كۈندە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان بارلىق قانۇنلارنى ۋە بۇ جەمئىيەت ئاساس قىلغان ھازارەتنى يىقىتىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئىسلام قانۇنلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە ئەنئەنلىرى ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان يېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلىش دېمەكتۇر.

**ئۆزگەرتىش تەبىئىتى:** ئىسلام ھەرىكىتى ئىسلام خىزمىتىنىڭ رېمونت قىلغۇچى تەبىئەتلىك ئەمەس، تۈپتىن ئۆزگەرتكۈچى تەبىئەتلىك بولۇشىنى كېرەكلىك قىلىدۇ.

بۇ ھەرىكەت تامامەن ئۆزگەرتىشكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇكى، كۆپرى نىزاملار بىلەن ماسلىشىشنى، ئۇيدۇرما ياكى توقۇلما تۈزۈملەر ۋە ئېقىملار بىلەن ئاپاق – چاقاپ بولۇپ ياشاشنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

**پۇتكۈللۈك تەبىئىتى:** ئىسلام خىزمىتىنىڭ تەبىئىتى خىزمەت ئېتىبارى بىلەن پۈتكۈللۈك سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشنى كېرەكلىك قىلىدۇ. يەنى، پۈتكۈل دېگەن بۇ سۆزدىن چىقىدىغان بارلىق مەنىلەر، دالالەتلەر

ۋە پرىنسىپلارنىڭ تەقەززاسى بويىچە خىزمەت ئېلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، پۈتكۈل دېگەن بۇ سۆز يەتمەكچى بولغان ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بارلىق ئىمكان، كۈچ ۋە ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پىكىر، سىياسەت ۋە ھەرىكەت جەھەتتىن چوڭقۇر ئاڭغا ئىگە بولۇش، ئۆزنى ۋە ھەرىكەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تەربىيە ئېلىپ بېرىش، تەشكىللىنىش ۋە پىلان تۈزەش، ھەممە ساھەدە ئادەم يېتىلدۈرۈش ۋە ماددىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام خىزمىتىنىڭ پۈتكۈللۈك سۈپىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە تەلەپ قىلىنغان غايىگە يېتىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان خىزمەتلەردىندۇر: ﴿**حَتَّى لاَ تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ لِلّهِ**﴾ ﴿تاكى پىتنە تۈگىگەن ۋە اللهنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر﴾[1].

**ئالەمشۇمۇللۇق تەبىئىتى:** ئىسلام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا روشەن بولۇشى كېرەك بولغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئۇلار چۈشەنچە، پىلان ۋە تەشكىللىنىش جەھەتلەردە خەلقئارالىق سەۋىيەگە يېتىشى لازىم. ئۇلار ئۇ يەردە بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالىدىغان، ئاۋازلىرى بىردەم كۆتۈرۈلۈپ بىردەم ئۆچۈپ كېتىدىغان كىشىلەر بولسا قەتئىي بولمايدۇ.

ئىسلام ھەم پىكىر جەھەتتە ھەم ئېتىقاد جەھەتتە ئالەمشۇمۇل نىزام بولۇپ، يۇرتۋازلىق، مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنىڭ چەمبىرىدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەن. ئۇ شۇنداق بىر نىزامكى، ھايات ساھەسىدە ۋە ھەممە جايدا دۇچ كېلىدىغان بارلىق

[1] سۈرە بەقەرە، 193 – ئايەت.

مەسىلىلەرنى، ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك بەلگىلىمىلەرگە ئىگە نىزامدۇر.

دەۋەتنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقىنى ئىسلامىيەتنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاش جەريانىدىن يەر شارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك جاينى بىر مەركەزنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرەلىگەنلىكىدىن ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسلام خىزمىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل بولۇشى پرىنسىپ جەھەتتىنلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن، زۆرۈرىيەت جەھەتتىنمۇ ۋاجىپتۇر. بىز ھازىر قىينچىلىق، كۈچ - قۇۋۋەت، يۈنىلىش، پىكىر، ئىدىيە ۋە مەزھەبلەرنىڭمۇ خەلقئارالاشقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرى، مەسىلىلىرى ۋە سىياسەتلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەندەك، ئۇلار ياشاۋاتقان رايونلار ۋە دۆلەتلىمۇ بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە تەرەپتىن ئەتراپلىق ئويلانماي، كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كۈچنى، مەسىلىنىڭ ئالدى — كەينىنى، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى ياخشى تەھلىل قىلماستىن خىزمەت قىلىش ۋە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن قىيىندۇر.

مەھەللەۋى ياكى ئاددى بىر مەسىلە تەتقىق قىلىنغاندا، تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن خەلقئارالىق بەزى پائالىيەتلەرنى قىلىش ۋە بەزى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەرسە، بۇ نەتىجە ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزى تاشقى ئامىللىرى ۋە تاشقى ھىمايىچىلىرىنىڭ بارلىقىنىڭ شەكسىزلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، خەلقئارالىق ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارت خادىملىرى مەھەللىۋى پىكىر ۋە مەھەللىۋى پىلانلاردىن ھالقىپ چىقىپ، ئىسلامىي كۈچ — قۇۋۋەتنى ئايىغى چىقمايدىغان مەھەللىۋى تالاش — تارتىشلارغا سەرپ قىلماستىن، اللهنىڭ كەلىمىسىنى

ئۇســتۇنلۇككە ئېرىشتۈرۈشــتىن ئىبــارەت ئۇلــۇغ غــايىمىزنى ئەمەلــگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈزلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغانــدىلا، مۇنــۇ ئايەتنىــڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغىلى بولىدۇ: ﴿وَجَعَلَ كَلِمَةَ الَّذِينَ كَفَرُواْ السُّفْلَى وَكَلِمَةُ اللّهِ هِيَ الْعُلْيَا﴾ ﴿كاپىرلارنىــڭ سـۆزىنى (يەنــى شــېرىك كەلىمىســىنى) پەس قىلــدى، اللەنىــڭ سـۆزى (يەنــى كەلــىمە تەۋھىــد) ئۈســتۇندۇر، الله غالىبتۇر﴾[1].

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى زالىــم ھــاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشــقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان بــارلىق كــۈچ – قــۇۋۋەت ۋە ئىمكــانلارنى تەييارلاشــتۇر. الله تائــالا نازىــل قىلغــان ھۆكــۈملەرگە خىــلاپ ھالــدا ھاكىمىيەت تۇتىدىغان كاپىر جەمئىيەتلەرنىڭ مەسىلىرىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىزدەش ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس.

ئىسلامىي خىزمەت ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلار ئۆزلۈكــدىن بەلگىلىۋالغان ئويدۇرما نىزاملارنىڭ سەۋەبى بىلەن مائارىــپ، تەشــۋىقات، تەمىنات، كىيىم - كېچەك، سىياســەت، ئىقتىســاد قاتــارلىق ســاھەلەردە مەيــدانغا كەلــگەن پــالاكەتلەرگە چــارە تېپىــپ، بــۇ ســاختا نــىزام ۋە ھاكىمىيەتلەرگە ياردەم قىلىش ئەمەس. ناۋادا بۇ مەسىلىلەرگە يېقىندىن ياكى ئۇزاقتىن ئارىلاشمىسا بولمايدىغان ئەھۋال بولسا، بــۇ مەســىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئوچۇق ئېنىقلاپ چىقىپ، بۇ مەسىلىلەرنى تۇغدۇرۇپ چىقارغــان باتىــل نىزاملارنــى رەزىــل قىلىــدىغان، بۇلارنىــڭ باتىــل ۋە ئەرزىمەس نــىزاملار ئىكەنلىكىنــى پــاش قىلىــدىغان ئــۆلچەم ئىچىــدىلا چەكلىنىــپ قېلىشــى كېــرەك. ھەرگىزمــۇ بــۇ نىزاملارنىــڭ زۇلــۇمنى داۋام قىلىشىغا ياردەمچى بولىدىغان ئامىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ باقاسىغا ســەۋەبچى بولىدىغان پۇرسەتلەرنى تېپىپ بېرىش دەرىجىسىگە بېرىــپ قالماســلىقى لازىم.

[1] سۈرە تەۋبە، 40 – ئايەت.

مەسىلەن، جەمئىيەتتە قىممەتچىلىك يۈز بەرسە، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى بۇ قىممەتچىلىكنىڭ ئەسلى سەۋەبىنىڭ بىر كۆرۈپ كىشىلەرنى دۆلەت بايلىقىغا ھاكىم قىلىدىغان ۋە بۇ بايلىقنى ئۆلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىگە ئىشلىتىش ئىمكانى يارىتىپ بېرىدىغان كاپىتالىست تۈزۈمنىڭ تەبئىي نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان، ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي ھەقلىرىنى، ئىززىتىنى، شەرىپىنى ھىمايە قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىغان كىشىنى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جازالىيالايدىغان، پاك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلغان مىسلى يوق دىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەرگىزمۇ بۇ زالىم نىزام ساھىبلىرىغا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئەمەس. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ ئىشىغا يارايدۇ ۋە ھاكىمىيەتتە داۋاملىق قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

مەسىلەن، پەلەستىن مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئىسلام ھەركىتىنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىسى بۇ مەسىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان ھۆكۈمران نىزاملارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئېغىر خالىقلىرىنى پاش قىلىش، شۇنداقلا، بۇ نىزامالارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن الله يولىدا جىھاد قىلىشقا، ئىشغال قىلىنغان پەلەستىن تۇپراقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا تەييارلىق قىلىشتا مەغلۇب بولغانلىقىنى، ئىسلام دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمەت تۇتىۋاتقان ھۆكۈمرانلارنىڭ شەرق ۋە غەرب مۇستەملىكچىلىرىگە بېقىندى ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۈممەتنى بارلىق تەھدىتلەرگە قارشى پۇختا تەييارلىيالايدىغان ۋە ھەر ساھەدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بىردىنبىر دىن ئىكەنلىكىنى جاكارلاشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلام ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ كۈچىنى ھەر زامان ۋە ھەر دائىم ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلارغا، ساختا ۋە ئويدۇرما نىزاملارنى قوغدايدىغانلارغا، بۇ نىزامنىڭ ئاساسى مەركەزلىرىگە، بازىلىرىغا، قورغانلىرىغا، ھەرىكەت مەيدانلىرىغا قارىتىشى كېرەك.

ئىسلام ھەرىكىتى بۇ نىزاملارنىڭ داۋام قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھېچقانداق پۇرسەتنى قويماسلىقى، ئۇنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن ئەمەس، داۋام قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى بولۇپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئۇسلۇبى:** ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ دەۋەت ئۇسلۇبىنىڭ ئىسلام تەلىماتىنىڭ غايىسى ۋە تەبىئىگە قانچىلىك مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت يولىدا تۇتقان ئۇسلۇبى ئۈستىدە توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەت شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ئىسلام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا چىڭ ئېسىلىشى ۋاجىپ بولغان تەلىماتلارنى تەپسىلىي ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا موھتاج بولىدىغان ئەڭ ساغلام ئۇسلۇبنى، دەۋەت ماھارىتىنى ۋە ئىنسانلار بىلەن ئالاقە قىلىش ھۈنىرىنى تەقدىم قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارغا جاھىلىيەت قاپلاپ كەتكەن جەمئىيەتلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇلارنى قانداق بىتچىت قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللانغان ئۇسلۇبنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن بەلگىلىگىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، دەۋەتنىڭ غايىسى ھەم دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەم دەۋەت قىلىنغۇچىلارنىڭ زېھنىدە روشەن بولۇشى ئۈچۈن، دەسلەپكى

كۈندىن باشلاپلا سۈنئىيلىكتىن ۋە رىيادىن يىراق ھالدا پەقەت اللهقىلا قۇللۇق قىلىشنى ئىلان قىلىش لازىم: ﴿لِيَمِيزَ اللّهُ الْخَبِيثَ مِنَ الطَّيِّبِ﴾ ﴿اللهنىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇپ قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆئمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾[1].

بۇ ئىلان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئارقىلىق بىرقانچىلىغان ئۇسۇلدا كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى بىرلا مەنىنى مەركەز قىلاتتىكى، ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممە تىرىكچىلىك ساھەسىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا اللهنىڭ ھەقىقىي مەبۇد ۋە ھەقىقىي پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى تونۇپ، شۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە يالغۇز اللهقا ئىبادەت قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملار ئەقىدىگە ئىگە بولۇش ۋە ئىنسانلارنى ئاشۇ ئەقىدىگە دەۋەت قىلىشتا نۇرغۇنلىغان ئەزىيەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ قىلچە تەۋرەنمىگەن ۋە بۇ مەسئۇلىيەتتىن باش تارتمىغان: ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ وَلَا أَنتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ وَلَا أَنتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنىۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللهقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان اللهقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈندۇر﴾[2].

[1] سۈرە ئەنفال، 37 – ئايەت.

[2] سۈرە كافىرۇن، 6 ئايەتنىڭ ھەممىسى.

قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە ۋە قانچىلىك قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەققە ئەگىشىش ئەڭ توغرىدۇر: ﴿**وَقُلِ الْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاء فَلْيَكْفُرْ**﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! بۇ ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن، دېگىن﴾[①].

ئىككىنچى، ئىمان ۋە ئەقىدە جەھەتتە اللهقا باغلىنىدىغان، تەشكىللىنىش ۋە ھەرىكەت جەھەتتە تالانلىق بىر قوماندالىققا بويسۇنىدىغان، اللهنىڭ ھىدايىتى ۋە نۇرى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ھەرىكەتچان بىر جامائەت بەرپا قىلىش لازىم.

ئۇ ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ماڭمايدىغان، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ۋە تەييارلىق قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان، بىر تەرەپلىمە ھادىسە ۋە مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالمايدىغان بىر جامائەت بولۇشى لازىم.

ئۇ، بارلىق شەخسىي ئىمتىياز، شەخسىي مەنپەئەت ۋە ماددىي پايدىدىن ۋاز كەچكەن، ئىسلامغا مەڭگۈلۈك باغلانغان بىر جامائەت بولۇشى لازىم.

ئۇ شۇنداق بىر جامائەت بولۇشى كېرەككى، ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم تۇغۇلۇشىغا ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەمنىڭ ھويلىسى شاھىد بولغان، ئەزالىرىنىڭ دىللىرىدا ئىمان چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇلار بەدىر، قادىسىيە، يەرمۇك ئۇرۇشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ جىھاد قىلىش ۋە قۇربان بېرىش روھىنى سىنىغان ئىدى. تارىخ سەھىپىلىرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەربىيىلىگەن، جانابى الله ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، دۇنيانى پەتھى قىلىشنى نېسىپ قىلغان ئاشۇ ئەزىمەتلەرنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن تولۇپ – تاشقان.

---

[①] سۈرە كەھف، 29 ـ ئايەت.

ئۈچىنچى، جاھىلىيەتكە تولۇق، لېكىن ئاشكارا (يەنى نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلگەن) ھالدا قارشى تۇرۇش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام نىشانىنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى بارلىق ساھەلەردە، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدە، ئېتىقادلىرىدا، ئىبادەتلىرىدە، ئۆرپ – ئادەتلىرىدە، تۈزۈم ۋە قانۇنلىرىدا تولۇق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى،مۇشۇنداق بىر يولغا مېڭىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى، كۈپرى ئېقىملىرىنىڭ قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئۇلۇغ غايىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشكە مۇۋاپىق مۇئمىن ئاۋانگارتلار گۇرۇپپىسى تەييارلاپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ياخشى بىلەتتى.

شۇڭا، كۇپرىغا قارشى ھەممە جەھەتتىن، يەنى ئىبادەت، تەلىم – تەربىيە، پىكىر، مەدەنىيەت، تەشكىللىنىش ۋە پىلان تۈزۈش جەھەتلەردىن پۇختا تەييارلىق قىلىنغىنىدەك، جىھادقىمۇ روھىي ۋە ھېسسىي جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق قىلىنغان، ئالدى بىلەن نېمە مۇھىم، قانچىلىك مۇھىم، قەيەرگە مۇھىم بولسا شۇنى قىلىش ئالدىنقى پىلان قىلىنغان ئىدى.

**ھەرىكەت ئىستراتېگىيىسىدىكى ماددىي كۈچنىڭ مۇھىملىقى:**

ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كېتىپ ياكى ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىسلام ھەرىكىتىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە ماددىي كۈچنىڭ ئىسلام خىزمىتى ئىستراتېگىيىسىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشىمىز لازىم.

ئىمام ھەسەن بەننا ماددىي كۈچنىڭ ئىسلام ھەرىكىتى ئىستراتېگىيىسىدىكى ئورنىنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

"نۇرغۇن كىشىلەر: ئىسلام ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوللىنىشنى ئىرادە قىلامدۇ؟ مەۋجۇد سىياسىي تۈزۈم ياكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى خەلق قوزغىلىشى قوزغاشقا تەييارلىق قىلىشنى ئويلامدۇ؟ - دېگەن سوئاللارنى سورىشىدۇ. مەن بۇ سوئاللارنى سورىغۇچىلارنى جاۋابسىز تاشلاپ قويۇشنى خالىمايمەن. ئەكسىچە، بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋابنىڭ ئۈستىدىكى پەردىلەرنى ئېچىپ تاشلىماقچىمەن. قېنى ئەمسە، خالىغانلار جاۋابىغا قۇلاق سالسۇن!

كۈچ ئىشلىتىشكە كەلسەك، كۈچ ئىسلامنىڭ پۈتۈن نىزاملىرى ۋە قانۇنلىرىنىڭ ئاساسى شوئارىدۇر. قۇرئان كەرىم بۇنى ئوچۇق جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدْوَّ اللّهِ وَعَدُوَّكُمْ﴾ ﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى قورقىتىسىلەر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «اللەنىڭ نەزىرىدە كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن خەيرلىك ۋە سۆيۈملۈكتۇر».

ھەتتا كەمتەرلىكنى كۆرسىتىش ۋە ئاجىزلىقنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت بولغان دۇئادىمۇ كۈچ ئىسلامنىڭ شوئارى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىش كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە خۇسۇسىي دۇئا قىلغاندا، ساھابىلىرىگە دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەندە ۋە پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرغاندا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ غەم - قايغۇدىن، ئاجىزلىق ۋە هورۇنلۇقتىن، بېخىللىق ۋە

---

[1] سۇرە ئەنفال، 60 – ئايەت.

قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىق ۋە مۇتتەھەملەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن» [1].

بۇ دىنغا ئەگەشكەن ئىنسان ھەر ساھەدە كۈچلۈك بولۇشى ۋە ھەر شەيئىدە كۈچ ئۇنىڭ شوئارى بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمان قېرىنداشلار مۇتلەق شەكىلدە كۈچلۈك بولۇشى ۋە كۈچلۈك بولۇپ ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

لېكىن ئىسلام ھەرىكىتى پىكىر جەھەتتىن شۇنداق چوڭقۇر، نەزەرىيە جەھەتتىن شۇنداق كەڭكى، زاھىرىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرمەيدىغان، نەتىجىلىرىنى تارازىغا سېلىپ كۆرمەيدىغان، مەقسەتلىرىنى ۋە نېمىنى ئىرادە قىلىنغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيدىغان ھەرىكەت ئەمەس. ئىسلام ھەرىكىتىدىكى كۈچ مەرتىۋىسىنىڭ ئەڭ بېشىدا ئەقىدە ۋە ئىمان كۈچى كېلىدۇ. ئەقىدە ۋە ئىمان كۈچىدىن كېيىن، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك كۈچى ئورۇن ئالىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى كۈچ بولسا بىلەك ۋە قورال كۈچىدۇر.

كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئىبارەت بۇ ئامىل تېپىلمىغان بىر جامائەتكە كۈچلۈك جامائەت دەپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ. بىرلىكى پارچىلانغان، تەشكىللىنىشى بۇزۇلغان، ئەقىدىسى ئاجىز، ئىمانى جانسىز بولغان ھالدا بىلەك ۋە قورال كۈچىگە تايانغان بىر جامائەت يوقىلىش ۋە مۇنقەرز بولۇشقا مەھكۇمدۇر.

بۇ، ئىشىنىڭ بىر تەرىپى. ئىشىنىڭ يەنە بىر تەرىگە كەلسەك، كۈچنى شوئار قىلغان ئىسلام دىنى قانداق ئەھۋال ۋە قايسى شارائىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ۋەزىيەتتە كۈچ ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغانمۇ؟ ياكى بۇنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بەزىبىر شەرتلەرنى شەرت

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قىلىپ، شۇ شەرتلەر ئاستىدا ۋە چەكلىك ھالەتلەردە ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغانمۇ؟

ئىشنىڭ ئۇچىنچى تەرىپىگە كەلسەك، كۈچ ئەڭ باشتىلا قوللىنىدىغان دورىمۇ؟ ياكى ئەڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان دورىمۇ؟ ئىنسان كۈچ قوللىنىش ئارقىلىق مۇتلەق شەكىلدە پايدىلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەمدۇ؟ ياكى بەزىدە زىيان مەيدانغا كېلەمدۇ؟ كۈچ قوللىنىش بىلەن قايسى ۋەزىيەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ؟ بۇنى دەڭ سېلىپ كۆرۈش مەجبۇرىيىتى بارمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى پەقەت كۈچ قوللىنىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، كېيىن نېمە بولسا بولسۇن دەمدۇ؟

بۇ قاراشلار ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ قايسى شەكىلدە ۋە قايسى ۋەزىيەتتە كۈچ قوللىنىشى ھەققىدە ئېيتىلغان نەزىرىيەلەردۇر. شۇڭا، ئىسلام ھەرىكىتى كۈچ قوللىنىشتىن بۇرۇن بۇ قاراشلارغا نەزەر سېلىشى كېرەك. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كۈچ ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ قوپال شەكلىدۇر. شۇڭا، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كۈچ قوللىنىش نەزىرىيەسىمۇ شۇنداق ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك"[1].

***

[1] ئىمام ھەسەن بەننانىڭ «رىساللەر مەجمۇئەسى» ناملىق كىتابى، 168 – بەت.

# يەتتىنچى، بەيئەت قىلىش ۋە ئەزا بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئىگەللىشىم كېرەك

كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، سانىغا ئەمەس، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش، بەيئەت ۋە ئۇنىڭ شەرئى ھۆكمى، ئىنتائەت ۋە ئۇنىڭ شەرئى ھۆكمى، بەيئەتنىڭ شەرتلىرى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى قاتارلىق نۇقتىلاردا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھەرقانداق مۇسۇلمان ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتىگە قاتنىشالايدۇ. بۇ، ھەرىكەت سېپىدىكى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش بىلەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. قاچانكى ئۇ مۇسۇلماندا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۈپەتلەر تېپىلىدىكەن، شۇنداقلا، ئۇ مۇسۇلمان ئىسلام ئۈممىتى ياشاۋاتقان ئېچىنىشلىق ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ھېس قىلىپ، بۇ چېكىنىشنىڭ سىرلىرىنى تونۇپ يەتكەن، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئۈممەتنى يېڭىدىن تىرىلدۈرۈش، قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى ئىنسانىيەت، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىگە چىقىرىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن، بۇ ئىمان ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسى، ھەر قاتلىمى ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئىسلام ھۆكۈملىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ، تولۇق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بايقىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ۋاقتى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ.

**سانىغا ئەمەس، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:** تەبىئىي ھالدا، ئىسلام ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ سېپىنى ئىسلام شەرىئىتى يول قويغان بارلىق ئۇسلۇب ۋە يوللار ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئەزالىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ. بىراق، بۇ ئەھۋال ئىسلام ھەرىكىتىنى

كەلگەنلا ئادەمنى سېپىغا قېتىۋېلىشقا ئېلىپ بارمايدۇ. چۈنكى ساندىن بەكراق سۈپەت مۇھىم. بەزىدە بۇ ھەرىكەت بىر كىشىنىڭ جامائەتنىڭ سېپىغا كىرىشى ۋە بۇ شەكىلدە ئۈستىگە ۋاجىپ بولغان مەسئۇلىيەتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، كۆپ زامان ۋە كۈچ سەرپ قىلىدۇ. لېكىن ئىسلام ھەرىكىتى بىر كىشى ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى تۈگەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى بۇ بىھۇدە تىرىشچانلىق قىلغانلىق ۋە خىزمەت يولىدا ھاماقەتلىك قىلغانلىقتۇر.

بەزىدە بىر كىشى بىر مىللەت كەبى قىممەتلىك بولىدۇ. بەزى كىشىلەر جامائەتنىڭ ئۈستىگە يۈك بولۇپ، ئېغىرنى سالىدۇ. مۇنداق كىشىلەر پايدىسىز ۋە زىيانلىق بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى ھېسابقا قاتماسلىق كېرەك. بۇ ھەقتە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ۋەقەلەر بار: ﴿وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُم مُّدْبِرِينَ﴾ ﴿ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار﴾[1].

سانىنىڭ كۆپ بولۇشى بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىش ئەمەس. ئەكسىچە سان ئاز بولسىمۇ، الله تائالانى تونۇيدىغان، پەقەتلا ھەق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ۋە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان كىشىلەرلا بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بەزىدە سانىنىڭ كۆپلۈكى مەغلۇبىيەتكە سەۋەبچى بولىدۇ. چۈنكى جامائەتكە

[1] سۈرە تەۋبە، 25 – ئايەت.

قېتىلىپمۇ، جامائەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى
چۈشەنمەيدىغان ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىنى ئادا قىلمايدىغان كىشىلەر
قىيىن ئاھۋالغا دۇچ كەلگەندە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ.
بۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ بىرلىكى بۇزۇلىدۇ، سېپى قالايمىقانلىشىدۇ،
روھىي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

شۇڭلاشقا، ھەرقانداق ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن سان جەھەتتىكى
كۈچ - قۇۋۋەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش، جامائەتنىڭ سېپىدىكى كىشىلەرنى
باھالاش، ھەرىكەتتىكى ئورنىغا كۆرە خىزمەت تەقسىماتى قىلىش ئىسلام
ھەرىكىتىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتىدۇر.

مۇنداق قىلىش ھېچبىر ۋاقىت ھەرىكەتنىڭ باشقا ئەزالىرىدىن ۋاز
كەچكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىسلام ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ
ئىچىدىن كۆزلەنگەن كىشىلەر چىققانغا قەدەر، ئۇلارنى داۋاملىق ۋەز -
نەسىھەت قىلىش ۋە تەربىيەۋى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق
كۈزىتىدۇ[1].

**بەيئەت ۋە ئۇنىڭ شەرئى ھۆكمى:** بەيئەت ئىتائەت قىلىش
ئۈچۈن بېرىلگەن ئەھدىنامىدۇر. بەيئەت قىلغان كىشى ئۆزىنى ۋە
مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئەمىرگە تاپشۇرۇپ، ھېچبىر ئىشتا
ئۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش قىلماسلىقى، بۇيرىغان ئىشلارنى مەيلى
قىيىن ئاھۋالدا بولسۇن، مەيلى راھەت زاماندا بولسۇن، قەتئىي ئادا
قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى دېمەكتۇر[2].

بەيئەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا (بىرىنچى
ئەقەبە بەيئىتى، ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى، رىزۋان بەيئىتىگە

---

[1] كۈۋەيتتە چىقىدىغان ئىچكى قىسىم نەشرىياتىدىن.

[2] ئىبنى خەلدۇننىڭ مۇقەددىمىسى.

ئوخشاش) بەيئەت قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، مۇسۇلمانلار ئىش بېشىدىكىلەرگە بەيئەت قىلغان. بۇ سۈننەت كۈنىمىزگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئىمام بۇخارى جۇنادە ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەدىن، ئۇ، ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەقەبە كېچىسى) بىز ئەنسارىلارنى بەيئەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. بىز بەيئەت قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن ياخشى كۆڭلىمىزدىمۇ، ئېغىر كۆڭلىمىزدىمۇ، كەڭرىچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا، ئۇنى بارلىقىمىزدىن ئەلا بىلىشكە، ھوقۇق ئىگىلىرىدىن ھوقۇق تالاشماسلىققا، پەقەت الله تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە تايىنىپ، ئەمرىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا كۇپرىلىق قىلغانلىقىنى بايقىغان چاغدىلا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىققا بەيئەت ئالدى"[1].

سىددىق ھەسەنخان «خالىس دىن» ناملىق كىتابىنىڭ 3 – جىلد، 137 - بېتىدە مۇنداق دېگەن: "بۇ ھەدىس ئىسلام ئىگىلىرىدىن بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇ تەلەپكە بىنائەن بەيئەت قىلىشنىڭ ھەم سۈننەت ئىكەنلىكىنى، بەيئەتكە ۋاپا قىلىشنىڭ ۋاجىپ، قەستەن بۇزۇشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ".

ئىبنى ھەجەر «ياخشى كۆڭلىمىزدىمۇ، ئېغىر كۆڭلىمىزدىمۇ» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: "بىزنىڭ ئاكتىپ خىزمەت قىلالايدىغان ۋاقىتلىرىمىزدا، بۇيرۇلغىنىمىز بويىچە خىزمەت قىلىشتىن ئاجىزلىق قىلىدىغان كۆڭلىمىزدە دېگەنلىك بولىدۇ" دېگەن. داۋۇدى: "بۇنىڭدىن

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

يامان كۆرىلىدىغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ" دېگەن. ئىبنى تىين بولسا: "ھورۇنلۇق قىلىدىغان ۋە مۇشەققەتلىك زامانىدىمۇ دېگەنلىك بولىدۇ" دېگەن[1].

ئىبنى جەزى مالىكى مۇنداق دېگەن: "گەرچە ئەمىرلەر زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا كۇپرلىق قىلغانلىقى ئېنىقلانغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش جايىز ئەمەس. ئۇلار گۇناھ بولىدىغان ئىشقا بۇيرىمىسىلا، يۇقىرىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئىشىدىمۇ، يامان كۆرگەن ئىشىدىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپتۇر. پەقەت ئۇلار گۇناھ ئىشلەشكە بۇيرۇسا، بۇ چاغدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى ياراتقۇچىغا نىسبەتەن گۇناھ ئىشتا يارىتىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىش جايىز ئەمەس"[2].

ئىسلام ئۇچۇن ھەقىقىي ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداش بۇنىڭدىن ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سۆزلەردىن دەۋەت مەسئۇلىيىتىنى، دەۋەت رەھبەرلىرى بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى يەكۈنلەپ چىقىشى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ خاتالىقلىرى ۋە ئەيىبلىرىنى ئىزدەشتىن قېچىشى كېرەك. چۈنكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىش ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەسلى ۋاجىپتىن بىرىدۇر. ھەرگىزمۇ تاقۋالىق ۋە دىنىدىن يىراق پارتىيىلەرنىڭ ئۇسلۇبلىرى ئەمەس. بۇ بىر بىدئەتتۇر. ھەر بىدئەت گۇمراھلىقتۇر[3].

**ئىتائەت ۋە ئۇنىڭ شەرئى ھۆكمى:** ئىتائەت بۇيرۇققا بويسۇنۇش دېمەكتۇر. ئىتائەت بولمىسا، ئونىڭ ئورنىنى گۇناھ - مەسىيەت ۋە پىتنە

---

[1] فەتھۇلبارى، 13 – جىلد، 6 – بەت.

[2] «فىقھى قانۇنلار» ناملىق كىتابنىڭ 14 – بېتىدىن.

[3] «بەيئەت، ئىتائەت ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرى» ناملىق رىسالىگە قاراڭ.

- پاسات ئالىدۇ. بەزىدە مۇئمىن پېتىنگە سەۋەب بولىدىغان شـەيئىلەرنى پەرقلەندۈرەلمەسلىكى مـۇمكىن. ئـۇنى پەقەت ئەمەلىيلىشـىپ بولغانـدا ئاندىن بىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىر مۇئمىن باشقا مۇئمىنلەرنىڭ پېتـىنگە چۈشۈپ قېلىشـىغا سـەۋەبچى بولماسـلىقى ئۈچـۈن گەپ - سـۆزلىرى ۋە بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

گۇناھ بولمايدىغان ياكى گۇناھقا سـەۋەبچى بولمايـدىغان ئىشـلاردا ئىتائەت قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَطِيعُواْ اللّهَ وَأَطِيعُواْ الرَّسُولَ وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً**﴾ ﴿ئـى مـــۇئمىنلەر! اللهقـــا، پەيغەمـــبەرگە ۋە ئـــۆزەڭلاردىن بولغـــان ئـــىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشــىپ قالســاڭلار، بــۇ توغرىــدا اللهقــا ۋە پەيغەمــبەرگە مــۇراجىئەت قىلىڭــلار، ئەگەر ســـىلەر اللهقـــا ۋە ئـــاخىرەت كـــۈنىگە (ھەقىقىـــي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بـۇ (يەنـى اللهنىـڭ كىتابىغـا ۋە پەيغەمبىرىنىـڭ سۈننىتىگە مـۇراجىئەت قىلىــش) ســىلەر ئۈچـۈن پايـدىلىقتۇر، نەتىـجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾[1].

ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، اللهقـا ئىتـائەت قىلغـان بولىـدۇ. كىمكـى ماڭـا ئاسـىيلىق قىلسـا، اللهقـا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. كىمكى مېنىڭ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلسا، ماڭـا ئىتـائەت قىلغـان بولىـدۇ. كىمكـى ئەمـرىمگە ئاسـىيلىق قىلسـا، ماڭـا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[2].

---

[1] سۈرە نىسا، 59 - ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ھەبەشىستانلىق بىر (قارا) قۇل ئەمىر قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار».

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى مىنىڭ ئەمىرىمدە كۆرۈپ قالسا، سەۋر قىلسۇن. چۈنكى بىر كىشى جامائەتتىن بىر غېرىچ چاغلىق ئايرىلىپ ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «گەدىنىدىن ئىسلام ھىمايىسىنى ئېلىپ تاشلىغان بولىدۇ» دېيىلگەن.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر مۇسۇلمان گۇناھقا بۇيرۇلمىسىلا، ئۆزى ياخشى كۆرسۇن ياكى يامان كۆرسۇن، (ئەمىرنىڭ) سۆزىنى ئاڭلىشى، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپتۇر. ناۋادا گۇناھقا بۇيرۇلسا، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ».

ئىمام بۇخارى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ۋەھيىگە كۆرە مۇئامىلە قىلىناتتى. ئەمدى ۋەھيي توختىدى. بىز سىلەرگە پەقەت ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىڭلارغا قارىتا مۇئامىلە قىلىمىز. شۇڭا، كىمكى بىزگە ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزگە يېقىن تۇتىمىز. ئۇنىڭ مەخپىي ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسىگە بىز جاۋابكار ئەمەس. ئۇنىڭ مەخپىي ئىشلىرىدىن الله ئۆزى ھېساب ئالىدۇ. كىمكى بىزگە يامان ئىش

قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلسا، گەرچە ئۇ: "كۆڭلۈم ياخشى" دېگەن تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز ۋە ئۇنى تەستىقلىمايمىز»[1].

**بەيئەتنىڭ شەرتلىرى:** ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولغانلىق ئەسلىدە ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقتۇر، اللهقا بەرگەن يېڭى ئەھدىنامىنىڭ باشلانغۇچىدۇر، ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان بەيئەتتۇر.

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا بەيئەتنىڭ شەرتلىرىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن: "بەيئىتىمىزنىڭ 10 شەرتى بار، سىلەر ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىڭلار. ئۇلار: چۈشىنىش، ئىخلاس قىلىش، خىزمەت قىلىش، جىھاد قىلىش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىتائەت قىلىش، دەۋادا چىڭ تۇرۇش، باشقا بارلىق پىكىردىن ۋاز كېچىش، قېرىنداشلىق ئورنىتىش ۋە ئىشەنچ بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا بۇ شەرتلەرنىڭ ھەربىرىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

**1- چۈشىنىش:** بۇ ھەرىكەتكە قېتىلماقچى بولغان ھەربىر كىشى پىكرىمىزنىڭ خالىس ئىسلامىي پىكىر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشى، شۇنداقلا، ئىسلامنى ناھايىتى ئىخچام يىغىنچاقلانغان 20 ئۇسۇلنىڭ چەك - چېگرىسى ئىچىدە چۈشەنگىنىمىزدەك چۈشىنىشى كېرەك. بىز بۇ 20 ئۇسۇلنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ ئۆتىمىز:

1) ئىسلام دىنى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەممىگە شامىل نىزامدۇر.

2) ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش مەنبەسى پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

3) راستچىل ئىمان، توغرا ئىبادەت ۋە ھەقىقىي جىھاد پارلاق نۇر، شېرىن لەززەت بولۇپ، جانابى اﷲ ئۇنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرىنىڭ دىلىغا سالىدۇ. كەشىپ (يەنى بىرەر ئىشقا قارىتا كۆڭۈل يورۇقلۇقى)، چۈش، ئىلھام ۋە دىلغا كەچكەن شەيئىلەر شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرىدىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ شەرئى جەھەتتىن قىممىتى يوق. پەقەت دىنىي ھۆكۈملەرگە ۋە شەرئى دەلىللەرگە زىت بولۇپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن.

4) تۇمار ئېسىش، دەم سېلىش، ئەپسۇن ئوقۇش، پال سېلىش، رەمچىلىك قىلىش، كاھىنلىق قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئىسلامدا مۇتلەق ھارام بولۇپ، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك. پەقەت قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ياكى ھەدىستە رىۋايەت قىلىنغان دۇئالار بىلەن دەم سېلىشقا بولىدۇ.

5) بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئوچۇق ئايەت ياكى ھەدىس بولمىسا ۋەياكى ئۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىرقانچە مەنىنى ئىپادىلىسە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋە ئاۋام خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، ئىمام (خەلىپە)نىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىنىڭ قارىشى شەرئى دەلىلگە زىت كېلىپ قالماسلىق شەرتى بىلەن كۈچكە ئىگىدۇر.

6) مەسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بەزى سۆزلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، بەزى سۆزلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

7) شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرىنى تەتقىق قىلىپ يەكۈن چىقىرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەرقانداق مۇسۇلمان دىن ئىماملىرىدىن بىرىگە ئەگىشىشى كېرەك.

8) شاخچە مەسىلىلەردىكى فىقھى ئىختىلاپلار دىنىي بۆلۈنۈشكە سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

9) ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدىغان ھەرقانىداق مەسىلىدە تالاش - تارتىش قىلىش شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلاردىندۇر.

10) جانابى ئاللەنى تونۇش، ئۇنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىش ئىسلامنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەقىدىسىدۇر. ئاللە تائالانىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسلەرگە، ئۇنى بۇرمىلىماستىن ۋە ئىناۋەتسىز قىلماستىن، شۇ پېتى ئىمان كەلتۈرىمىز.

11) ئاللەنىڭ دىنىدا ئەسلىسى يوق ھەرقانىداق ئىش بىدئەت بولۇپ، ئەڭ ياخشى ۋاستىلەرنى (مەسىلەن، ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا چارە قوللىنىش ۋە باشقىلارنى) ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنى يوقىتىش كېرەك.

12) دىندا يوق نەرسىنى ئۇنىڭغا قېتىۋېلىش ياكى دىندىكى نەرسىنى تەرك ئېتىش بىلەن شەكىللەنگەن بىدئەتلەر، شۇنداقلا، مۇتلەق نەپلە ئىبادەتلەرنى مۇنتىزىملاشتۇرۇۋېلىش ئىختىلاپ قىلىنغان پىقھى مەسىلە بولۇپ، ھەربىر فىقھشۇناسنىڭ ئۇ مەسىلىگە قارىتا مۇئەييەن قارىشى بار. مۇنداق قاراشلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى دەلىل – پاكىتقا تايىنىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

13) سالىھ كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش، ھۆرمەت قىلىش، ئۇلۇغلاش ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۇلارنى ماختاش كىشىنى ئاللەقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەلدۇر.

14) كىمنىڭ قەبرىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن شەكىلدە زىيارەت قىلىش سۈننەتتۇر.

15) دۇئا قىلغاندا ئاللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرىنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلىش دۇئانىڭ قانداق قىلىنىشى ھەققىدىكى فىقھى ئىختىلاپتۇر. ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن ئەمەس.

16) خاتا ئۆرپ - ئادەت شەرئى كەلىمىلەر ئىپادىلىگەن ھەقىقەتنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ.

17) ئەقىدە ئەمەلنىڭ ئاساسىدۇر. دىلنىڭ ئەمىلى باشقا ئەزالارنىڭ ئەمىلىدىن ئەھمىيەتلىكتۇر. گەرچە ھەر ئىككىلىسىگە قويۇلغان تەلەپنىڭ دەرىجىسى پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى شەرتى تەلەپتۇر.

18) ئىسلام دىنى ئەقىل - ئىدراكنى ئەركىن ئىشلىتىشكە، كائىناتنى تەتقىق قىلىشقا تەرغىب قىلىدۇ. ئىلىم ۋە ئالىملارنى قەدىرلەيدۇ. پايدىلىق ۋە توغرا ھەرقانداق نەرسىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

19) ئەقلىي قاراش بىلەن شەرئى قاراشنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىلىسى كەسكىن دەلىللىك مەسىلىلەردە ھەرگىزمۇ ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ. ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ھەقىقەت بولسا، ئۆزگەرمەس شەرئى ئۇسۇل (ئەقىدە)غا زىت كېلىپ قالمايدۇ. كەسكىن دەلىللىك بولمىغان ئەقلىي ۋە شەرئى قاراشلارنى كەسكىن دەلىللىك قاراشلارغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزاھلاشقا بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلى قاراش كەسكىن دەلىللىك بولمىسا، ئەقلىي قاراشنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغانغا ياكى پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز بولغانغا قەدەر كەسكىن دەلىللىك بولمىغان شەرئى قاراشقا ئەمەل قىلىش ئەۋزەلدۇر.

20) كەلىمە شاھادەت ئېيتقان ۋە كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلغان، پەرزلەرنى ئادا قىلغان ھەرقانداق كىشىنى بىرەر قارىشى ياكى بىرەر گۇناھ ئىشلىگەنلىكى تۈپەيلىدىن كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۇ كىشى كۇپرىلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر كەلىمىنى ئېيتسا ياكى كۇپرىلىقتىن باشقا ھېچ بىر ئېھتىماللىقى بولمىغان بىرەر ئىشنى قىلسا، ئاندىن ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولىدۇ.

**2- ئىخلاس قىلىش:** ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداش ئۆزىنىڭ سۆزى، ئەمىلى، بارلىق تىرىشچانلىقى ۋە جىھادى بىلەن بىرەر پايدا، مەنپەئەت،

ماقام ۋە شۆھرەت كۆزلىمەسلىتىن، پەقەت اﷲنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مەلۇم غەرەز ۋە مەنپەئەتنىڭ ئەسكىرى بولۇپ قالماستىن، ھەقىقىي ئەقىدە ۋە ساغلام پىكىرگە ساھىب ئەسكەر بولالايدۇ.

**3- خىزمەت قىلىش:** خىزمەت قىلىشتىن ئۆزنى ئىسلاھ قىلىش، مۇسۇلمان ئائىلە قۇرۇش، جەمئىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ۋەتەننى ئازاد قىلىش، ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغانغا قەدەر ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش، يەر يۈزىدىكى پىتنە - پاسات تامامەن تۈگەپ، دىن يېگانە اﷲنىڭ بولغانغا قەدەر ئىسلام دەۋىتىنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خەلقئارالىق نوپۇزىنى ۋە ئالەمگە يېتەكچىلىق قىلىش شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**4- جىھاد قىلىش:** بۈگۈندىن قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋام قىلىدىغان پەرز جىھاد كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى جىھادقا چىقماي ۋە جىھادقا چىقىشنى نىيەت قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ.

**5- پىداكارلىق كۆرسىتىش:** بۈگۈندىن مۇشۇ ھەرىكەتكە مەنسۇپ بولغان ھەربىر كىشىنىڭ جېنىنى، مېلىنى، ۋاقتىنى، ھاياتىنى، ئىش قىلىپ بارلىقىنى بۇ غايە يولىدا پىدا قىلىشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

**6- ئىتائەت قىلىش:** بۈگۈندىن بۇيرۇققا قەتئىي بويسۇنۇش ۋە ئۇنى كەڭرىچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ، ياقتۇرغان ئىشتىمۇ، ياقتۇرمىغان ئىشتىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىش مەقسەت قىلىدۇ.

**7- دەۋادا چىڭ تۇرۇش:** بۈگۈندىن دەۋانىڭ مۇددىتى ھەرقانچە ئۇزۇراپ كەتكەن، يىللارچە داۋام قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ بۇ غايە يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىشى، اﷲنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانغا قەدەر مۇشۇ يولدا مېڭىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ناۋادا ئۇ

شۇنداق قىلالىسا، يا غايىگە يېتىش، يا شېھىدلىك شەربىتىنى ئىچىشتىن ئىبارەت ئىككى بەختىنىڭ بىرىگە ئېرىشىدۇ.

**8- باشــقا بــارلىق پىكىـــردىن ۋاز كــېچىش:** بۇنىڭــدىن مۇشــۇ ھەرىكەتنىـــڭ پىكــرىگە ســادىق بولــۇش، باشــقا بــارلىق پرىنســىپ ۋە شەخسلەرگە ئالاقىدار پىكىرلەردىن ۋاز كېچىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چـۈنكى ئىسلام پىكرى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئالىي پىكىــردۇر. ﴿**صِبْغَةَ اللَّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُ عَابِدُونَ**﴾ ﴿اللهنىـــڭ دىنىـــدىدا چىـــڭ تۇرۇڭلار، اللهنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز اللهقـا ئىبـادەت قىلغۇچىلارمىز﴾[1].

**9- قېرىنداشلىق ئورنىتىش:** بۇنىڭدىن دىل ۋە روھلارنىڭ ئەقىدە رىشتىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشــى مەقســەت قىلىنــدۇ. چـۈنكى ئەقىدە رىشتىسى ئەڭ مۇستەھكەم ۋە ئەڭ قىممەتلىك رىشتىدۇر[2].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 138 – ئايەت.

[2] قېرىنداشلىقنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى.

ئىسلامدا قېرىنداشلىق: ئىسلامدىكى قېرىنداشلىق بىر ئېتىقادىي مۇناسىۋەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى بىر – بىرىگە باغلايدۇ، ئۇ بىر ئىلاھىي رىشتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى بىر - بىرىگە چېگىدۇ، ئۇ بىر - بىرىنى گىرەلەشتۈرىۋېتىدىغان مېھرى – مۇھەببەت بولۇپ، ئۇلارنى الله يولىدا بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشتۈرىۋېتىدۇ. دېمەك، ئۇ قېرىنداشلىق ئىمانىنىڭ ئەڭ مەھكەم تۇتقۇسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىماننىڭ ئەڭ مەھكەم تۇتقۇسى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە الله ئۈچۈن يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

قېرىنداشلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تايىنىدىغان ئامىللاردىن بىرىدۇر.

ئىسلام ھەرىكىتى خۇددى چەك باستۇرۇپ قويۇرۇلغان پۇختا بىنادەك ياكى بىر ئەزا ئاغرىسا باشقا ئەزالىرىمۇ قىزىپ بىئارام بولىدىغان بىر تەندەك بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن قېرىنداشلىق رىشتىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە موھتاج.

بۇ قېرىنداشلىقنىڭ ئىسلام جامائىتى ئىچىدىكى رولىنى تەلەپكە لايىق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئۇنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلىرىنى ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن ئېلىپ بارىدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى ئوچۇق بايان قىلدى. شۇنداقلا، بۇ ھەق - ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھەرگىزمۇ قۇرۇق گەپ ياكى قۇرۇق نەزىرىيە بولماستىن، چوقۇم ئىجرا قىلىنىشى ۋاجىپ بولغان ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

1- ئىسلام قېرىنداشلىقى اللهقا ئىتائەت قىلىشقا ياردەمچى بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇنتۇپ قالسا ئەسلىتىدىغان، ئېسىدە بولسا ياردەمچى بولىدىغان ياخشى كىشىنى دوست قىلىپ بېرىدۇ» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ ئۇنى تەكىتلەيدۇ: "سادىق قېرىنداشلىرىڭدىن قەتئىي ئايرىلمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە ياشىغىن. شۈبھىسىزكى، ئۇلار كەڭچىلىكتە زىننەت بولىدىغان، باشقا كۈن چۈشكەندە ھەقىقىي ئەسقاتىدىغانلاردۇر".

2- قېرىنداشلىق ئۆزئارا جانغا كېپىل بولۇشنى، قېرىندىشىنىڭ ھاجەتلىرىنى ھېس قىلىشنى ۋە ئۇنى راۋا قىلىشقا تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ بىرەر قېرىندىشى بىلەن، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن يانمۇيان مېڭىشى (بارماقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن) مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە ئىككى ئاي ئېتىكاپ قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر» (ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن).

3- قېرىنداشلىق ماددىي جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىگە كېپىل بولۇشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقىنى كەتكۈزىۋەتسە، الله تائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كەتكۈزىۋېتىدۇ. كىمكى بىر قەرزدارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرسە، جانابى الله ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، جانابى الله ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يوشۇرىدۇ. بىر بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولغان مۇددەتچە، جانابى الله ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ» (ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

4- قېرىنداشلىق ئىجتىمائىي ھەمكارلىق بولۇپ، ئەڭ ئاددىيسىدىن باشلاپ، ئەڭ مۇھىمىغىچە ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدە ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا سالام بېرىسەن، ئۇ سېنى چاقىرسا، چاقىرغان يەرگە بارىسەن، سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىسەن، چۈشكۈرگەندىن كېيىن "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېسە، الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن دەيسەن، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلايسەن ۋە ئۆلۈپ كەتسە، جىنازىسىنى كۆتۈرۈسەن» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

5- قېرىنداشلىق ئۆزئارا ئۆلپەتلىشىش، مېھرى - مۇھەببەت ۋە ھەمكارلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتىڭلارنى ئۈزىۋەتمەڭلار، ئۆزئارا نەپرەتلەنمەڭلار، ئۆزئارا ئاداۋەتلەشمەڭلار، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار. ئەكسىچە، اللهنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننى ئاداۋەت تۇتۇپ ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەس» (ئىمام مالىك، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق – يورۇق كۆرۈشۈش چاغلىق ئىش بولسىمۇ، ھېچبىر ياخشى ئىشنى كىچىك كۆرمىگىن» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ «ھەر ياخشىلىق سەدىقىدۇر. قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق – يورۇق كۆرۈشۈش، چېلەكىڭدىن

**10- ئىشىنىش:** بۇنىڭدىن ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ رەھبىرىگە چوڭقۇر ئىشىنىشى، يەنى ئۇنىڭ رەھبەرلىككە لايىق ۋە خىزمىتىدە سەممىي ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىشى، نەتىجىدە، ئۇنى ياخشى كۆرۈشى، قەدىرلىشى، ھۆرمەتلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

**مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى:**

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا «تەلىماتلار» ناملىق رىسالىسىدە ئىسلام ھەرىكىتىگە مەنسۇپ ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك 30 نەچچە مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ ئۆزى، ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەتلىرىنى بىر - بىرلەپ خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن:

ئى سەممىي قېرىندىشىم! سېنىڭ بۇ بەيئەتكە بولغان ئىمانىڭ سەن ئەزا بولۇپ كىرگەن بۇ ھەرىكەتنىڭ كۈچلۈك بىر تال تېشى بولۇشۇڭ ئۈچۈن مۇنۇ مەسئۇلىيەتلەرنى قەتئىي ئادا قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ:

1- ھەر كۈنى ئەڭ ئاز دېگەندە بىر پارا قۇرئان كەرىم ئوقۇشۇڭ كېرەك. قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىم تاماملاشنى 30 كۈندىن

---

قېرىندىشىڭنىڭ قاچىسىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشىڭ چاغلىق ئىشلارمۇ ياخشىلىقتۇر» (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)؛ «ئۆزئارا سوۋغا – سالام قىلىشىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاراڭلاردىكى ئۆچ – ئاداۋەت تۈگەپ، بىر – بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىسىلەر» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

6- قېرىنداشلىق مۇداپىئە قىلىش ۋە ۋاپادارلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى مۇداپىئە قىلسا، قىيامەت كۈنى اللە ئۇنىڭ يۈزىنى جەھەننەم ئوتىدىن مۇداپىئە قىلىدۇ» (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)؛ «بىر قېرىنداشنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىغا ئۇ يوق يەردە قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا مۇئەككەل بىر پەرىشتە بولىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم قېرىندىشىغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغاندا، مۇئەككەل پەرىشتە: "ئامىن! ساڭىمۇ شۇنداق ياخشىلىق بولسۇن!" دەپ دۇئا قىلىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاشۇرىۋەتمەسلىككە، شۇنداقلا، ئۈچ كۈندىن ئاز مۇددەتتە تاماملىماسلىققا تىرىشقىن.

2- قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق (يەنى تەجۋىدلىك) ئوقۇشۇڭ، ئوقۇلغان قۇرئانغا قۇلاق سېلىشىڭ ۋە مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە سەلەف (بۇرۇن ئۆتكەن) سالىھلارنىڭ تارىخىنى ۋاقتىڭنىڭ يېتىشىچە دەرس قىلىپ ئوقۇشۇڭ كېرەك. بۇ ھەقتە، ھېچ بولمىغاندا «ئىسلامنىڭ ھىمايىچىلىرى» ناملىق كىتابنى ئوقۇشۇڭ يېتەرلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى كۆپ ئوقۇشۇڭ، ئەڭ ئاز دېگەندە 40 ھەدىس ياد ئېلىشىڭ، بولۇپمۇ ئىمام نەۋەۋىنىڭ «40 ھەدىس» ناملىق كىتابىدىكى 40 ھەدىسنى ياد ئېلىشىڭ، ئەڭ ئاز دېگەندە ئېتىقاد ئاساسلىرىغا ئائىت بىرەر كىتابنى، فىقھى مەسىلىلەرگە ئائىت بىرەر كىتابنى دەرس قىلىپ ئوقۇشۇڭ كېرەك.

3- تەن – سالامەتلىكىڭنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈشكە ئالدىرىشىڭ، كېسەللىك بولسا داۋالىنىشىڭ، جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك ۋە ساغلام بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىشىڭ، تەن - سالامەتلىكىڭنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن يىراق تۇرۇشۇڭ كېرەك.

4- چاي، قەھۋە ۋە شۇنىڭدەك خۇمار تۇتىدىغان ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىچىپ ئىسراپخورلۇق قىلىشتىن يىراق تۇرۇشۇڭ، ئۇنى پەقەت زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ئىچىشىڭ، قەتئىي تاماكا چەكمەسلىكىڭ كېرەك.

5- ئۆي ئىچى، كىيىم - كېچەك، يېمەك – ئىچمەك، ئىش ئورنى قاتارلىقلاردا، بەدەن تازىلىقىدا، يەنى بارلىق ئىشلاردا پاكىزلىققا كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ كېرەك. چۈنكى ئىسلام دىنى پاكىزلىق ئۈستىگە بىنا قىلىنغاندۇر.

6- راست گەپ قىلىشىڭ، ئەسلا يالغان ئېيتماسلىقىڭ كېرەك.

7- ئەھـدىگە ۋاپـا قىلىشــىڭ، سـۆزۈڭدە ۋە ۋەدەڭـدە تۇرۇشـۇڭ، ۋەزىيەت نېمە بولۇپ كېتىشىـدىن قەتئىيـنەزەر خىلاپـىق قىلماسـلىقىڭ كېرەك.

8- شىجائەتلىك ۋە چىداملىق بولۇشـۇڭ كېـرەك. ھەقنـى ئوچـۇق سـۆزلەش، سـىر سـاقلاش، خاتـالىقنى تونـۇش، نەپسـنى يىغىــش ۋە غەزەپلەنگەندە ئۆزنى بېسىۋېلىش ئەڭ ئەۋزەل شىجائەتتۇر.

9- ئېغىــر - بېســىق بولۇشـۇڭ ۋە ئىشــلارغا ھەمىشــە جىــددىي قاراشنى ئەلا بىلىشىڭ كېرەك. ئېغىر - بېسىقلىق سېنى راسـت چاقچـاق قىلىشتىن ۋە تەبەسسۇم بىلەن كۇلۇشتىن توسۇپ قويماسلىقى لازىم.

10- ناھايىتى ھايـالىق ۋە يۇمشـاق كۆڭـۇل بولۇشـۇڭ، ياخشــى – يامان ئىش تەسىر قىلىدىغان، ياخشـىلىققا خۇشـال بولـۇپ، يامـانلىقتىن ئېچىنىــدىغان بولۇشـۇڭ، ئـۆزەڭنى خارلىمايـدىغان، خورلىمايـدىغان ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويمايدىغان دەرىجىدە كەمـتەر بولۇشـۇڭ، سـاڭا لايـىق مەرتىۋىگە ئېرىشىشـىڭ ئۇچـۇن ئۇنىـڭدىن تـۆۋەنرەك مەرتـىۋنى تەلەپ قىلىشىڭ كېرەك.

11- ھەر ۋاقىـــت ئادىـــل ۋە تـــوغرا ھۆكۈملـــۇك بولۇشـــۇڭ، غەزەپلەنگەنــدە ياخشـــىلىقنى ئۇنتـــۇپ قالــدىغان، خۇشـــال بولغانــدا يامــانلىقنى كۆرمەســكە ســالىدىغان بولماســلىقىڭ، خۇســۇمەت ســاڭا ياخشــىلىقنى ئۇنتۇلـدۇرۇپ قويماســلىقى، ئــۆزەڭگە يــاكى ئەڭ يــېقىن ئادەملىرىڭگە زىيانلىق ۋە ئاچچىق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەقنى سۆزلىشىڭ كېرەك.

12- ناھايىتى ئاكتىپ بولۇشـۇڭ، ئـاممىۋى خىزمەتلەرنــى قىلىــپ چېنىقىشىڭ، باشقىلارغا خىزمەت قىلىپ بېـرەلىگەن چېغىڭـدا ئـۆزەڭنى خۇشـــال ۋە بەختلىـــك ھـــېس قىلىشـــىڭ، كېســـەللەرنى يوقلىشـــىڭ، موھتاجلارغا ياردەم قىلىشىڭ، ئاجىزلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشىڭ،

مۇسىبەتكە يولۇققانلارغا ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ تەسەللى بېرىشىڭ ۋە ياخشىلىق قىلىشتا ھەر زامان ئالدى سەپتە بولۇشۇڭ كېرەك.

13- ناھايىتى رەھىمدىل، سېخىي، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، كەچۈرۈمچان، دىلى يۇمشاق ۋە كۆيۈمچان بولۇشۇڭ، ئىنسانلارغىمۇ، ھايۋانلارغىمۇ ئىچ ئاغرىتىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئىللىق ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي ئەدەپ - ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سورۇنلاردا باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدىمەيدىغان، غەيۋەت قىلمايدىغان، جاڭجال قىلمايدىغان، بىرەر جايغا كىرگەندە ۋە ئۇ جايدىن چىققاندا ئىجازەت سورايدىغان قاتارلىق ئېسىل ئەخلاقلارنى ئۆزەڭگە ئۆزلەشتۈرۈشۈڭ كېرەك.

14- ئوقۇش ۋە يېزىشنى ياخشى بىلىشىڭ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ رىسالىلىرىنى، گېزىت – ژۇرناللىرىنى ۋە شۇنىڭدەك ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇشۇڭ، كىچىك بولسىمۇ، ئۆيۈڭدە ئۆزەڭگە خاس بىر كىتابخانا شەكىللەندۈرۈشۈڭ، ناۋادا ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولساڭ، بىلىمىڭ ۋە ماھارىتىڭنى تېخىمۇ يېتىلدۈرۈشۈڭ، ئىسلامنىڭ ئومۇمىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار ئىشلارنى تولۇق تەسەۋۋۇرلەپ بېرىش ئىمكانى يارىتىپ بەرگىدەك شەكىلدە ئىگەللىشىڭ ۋە بۇ مەسىلىلەردە ئىسلامىي پىكىرنى تەقەززاسىغا ئۇيغۇن ھالدا ھۆكۈم چىقىرالىشىڭ كېرەك.

15- قانچىلىك باي بولساڭمۇ، ئىقتىسادىڭنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشىڭ، كىرىمىڭ قانچىلىك ئاز بولسىمۇ، ئەكىن ئىش قىلىشقا تىرىشىشىڭ ۋە ئىلمىي ماھارىتىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشىڭنى ئۆزەڭ قىلىشىڭ كېرەك.

16- ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە خىزمەت قىلىشقا ھېرىسمەن بولماسلىقىڭ، ھۆكۈمەتتە ئىشلەشنى تۇرمۇشنى قامداشنىڭ ئەڭ تار يولى

دەپ بىلىشىڭ، ناۋادا ھۆكۈمەت خىزمىتى بېرىلسە، رەت قىلماسلىقىڭ، دەۋەت مەسئۇلىيەتلىرىڭدىن بىرىگە پۈتلىشىپ قالمىسىلا، ئۇنى تاشلىماسلىقىڭ كېرەك.

17- بېرىلگەن خىزمەتنى تولۇق ۋە پۈختا ئادا قىلىشقا، ئالدامچىلىق قىلماسلىققا، ۋاقتىقا رىئايە قىلىشقا قاتتىق تىرىشىشىڭ كېرەك.

18- ھەققىڭنى چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشىڭ، باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن، سۆلەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىشىڭ كېرەك.

19- پەردە ئارقىسىغا قانداق مەقسەت يوشۇرۇنۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىمارنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىن يىراق تۇرۇشۇڭ، قانچىلىك تېز پايدا كەلتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ھارام كەسىپنىڭ بارلىق ۋاستىلىرىدىن ساقلىنىشىڭ كېرەك.

20- بارلىق مۇئامىلە ئىشلىرىڭدا جازانە ۋە ئۆسۈمدىن يىراق تۇرۇشۇڭ ۋە ئۆزەڭنى تامامەن پاك تۇتۇشۇڭ كېرەك.

21- ئومۇمغا پايدىلىق ئىسلامىي ئىگىلىك يارىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى زاۋۇت ۋە كارخانا قۇرۇش تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىشىڭ، ۋەزىيەت نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر تەڭگە چاغلىق پۇلنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە قاتتىق تىرىشىشىڭ، پەقەت ئىسلام دىيارىدا تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئىشلەنگەن يېمەك – ئىچمەكلەرنى ئىستىمال قىلىشىڭ كېرەك.

22- پۇل - مېلىڭنىڭ بىر قىسمىنى دەۋەت خىزمىتىگە ئايرىشىڭ، زاكات بېرىشىڭ، كىرىمىڭ قانچىلىك ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ

بىر قىسمىنى تىلىگەن ياكى نومۇس قىلىپ تىلىمىگەن يوقسۇللارغا ئايرىشىڭ كېرەك.

23- تۆيۈقسىز يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئاز بولسىمۇ، كىرىمىڭنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئايرىپ ساقلىشىڭ، ھەرگىزمۇ ھەممە نەرسەم تولۇق بولسىكەن دەپ ھۆمۈرەكلەپ كەتمەسلىكىڭ كېرەك.

24- ئىسلامىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ، ئەجنەبىي ئۆرپ – ئادەتلەرنى بارلىق ھايات ساھەلىرىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا قولۇڭدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك. بۇ ئۆرپ – ئادەتلەر: سالاملىشىش، سۆزلىشىش، تارىخ، كىيىنىش، ئۆي جاھازلىرى، ئىشلەش، دەم ئېلىش، يەپ – ئىچىش سائەتلىرى، بېرىپ - كېلىش، قايغۇرۇش، خۇشاللىنىش ۋەھاكازالاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتىنى تەتبىقلىشىڭ كېرەك.

25- ئىسلامغا خىلاپ بارلىق مەدەنىي مەھكىمىلەردىن، ھۆكۈمەتلەردىن، ئىسلامىي پىكىرگە قارشى بارلىق پائالىيەت كۇلۇبلىرىدىن، گېزىت - ژۇرناللاردىن، جامائەتلەردىن، مەكتەپلەردىن ۋە جەمئىيەتلەردىن ئالاقىڭنى ئۈزۈشۈڭ كېرەك.

26- جانابى اللهنىڭ سېنى ھەر زامان كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارماسلىقىڭ، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرۇشۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىڭ، الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىبادەت باسقۇچلىرىنى قەتئىي ئىرادە بىلەن بىر - بىرلەپ بېسىپ ئۆتۈشۈڭ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، ھەر ئاي ئەڭ ئاز ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، تىل ۋە دىل بىلەن قىلىنىدىغان زىكىرلەرنى كۆپ قىلىش، ھەرقانداق ئاھۋالدا قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىش قاتارلىق نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق اللهقا يېقىنلىشىشىڭ كېرەك.

27- تاھارەتنى كامىل ئېلىش، كۆپىنچە ۋاقىتلىرىڭىزدا تاھارەت بىلەن يۈرۈشۈڭىز كېرەك.

28- نامازنى كامىل ئادا قىلىش، ھەمىشە ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا تىرىشىش، ئىمكانقەدەر جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئوقۇشقا ھېرىس بولۇشۇڭىز كېرەك.

29- رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشۇڭىز، ئىمكانىڭىز يار بەرسە، ھەج قىلىشىڭىز، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىمكان يار بەرمىگەن تەقدىردە، كېيىنچە ھەج قىلىش ئىمكانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز كېرەك.

30- جىھاد قىلىشنى ھەمىشە نىيەت قىلىشىڭىز، شېھىد بولۇشقا ئىشتىياق باغلىشىڭىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچۈڭىزنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلىشىڭىز كېرەك.

31- ھەمىشە تەۋبە قىلىپ ۋە ئىستىغپار تىلەپ تۇرۇشۇڭىز، چوڭ گۇناھلار تۈگۈل، كىچىك گۇناھلاردىنمۇ ساقلىنىشىڭىز، ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن شۇ بىر كۈن ئىچىدە قانداق ياخشى – يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشۇڭىز ئۈچۈن ئۆزەڭگە مۇئەييەن ۋاقىت ئايرىشىڭىز، ۋاقىت ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تېجىشىڭىز، بىر مىنۇتنىمۇ پايدىسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزمەسلىكىڭىز، ھارام ئىشلارغا گىرىپتار بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن شۈبھىلىك نەرسىلەردىنمۇ يىراق تۇرۇشۇڭىز كېرەك.

32- نەپسىڭگە ھاكىم بولغانغا قەدەر، ئۇنىڭغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىشىڭىز، كۆزلىرىڭىزنى ھارامدىن ساقلىشىڭىز، ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزنى تىزگىنلىشىڭىز، نەپسىڭىزنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە قارشى تۇرۇشۇڭىز، ئۇنى ھەمىشە ھالال ۋە پاك شەيئىلەر بىلەن يۈكسەلدۈرۈشۈڭىز، ۋەزىيەت قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نەپسىڭىز بىلەن ھارام شەيئىلەر ئارىسىدا بۆسۈلمەس توساق بولۇشۇڭىز كېرەك.

33- ھاراقتىن، مەست قىلغىدىغان نەرسىلەردىن ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىن قەتئىي يىراق تۇرۇشۇڭ كېرەك.

34- يامان ۋە بۇزۇق ئىشلارنى قىلىدىغان دوست – بۇرادەردىن، شۇنداقلا، گۇناھ - مەسىيەت بولىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق تۇرۇشۇڭ كېرەك.

35- ئويۇن - تاماشا بولىدىغان جايلارغا بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنداق جايلارنىڭ تاقىلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭ، موللۇق ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاشتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك.

36- ئۆزەڭنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى جامائەت ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىنى تولۇق تونۇپ چىقىشىڭ، ئۆزەڭنىمۇ ئۇلارغا تولۇق تونۇتۇشۇڭ، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش، بىر - بىرىنى قەدىرلەش، بىر - بىرىگە ياردەم قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش قاتارلىق قېرىنداشلىق ھەق - ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشىڭ، ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىشىڭ، جىددىي ئۆزرە چىقىپ قالمىسىلا، يىغىندىن ئايرىلىپ قالماسلىقىڭ ۋە مۇئامىلىلىرىڭدە ھەمىشە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشۇڭ كېرەك.

37- قانداقلا بىر جەمئىيەت ياكى جامائەت بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇش سېنىڭ پىكرىڭگە پايدىلىق بولمىسا، ئۇلاردىن مۇناسىۋىتىڭنى ئۈزۈشۈڭ كېرەك. بولۇپمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان چېغىڭدا، ئۇلاردىن مۇناسىۋىتىڭنى چوقۇم ئۈزۈشۈڭ لازىم.

38- دەۋىتىڭنى ھەممىلا جايدا تارقىتىشقا تىرىشىشىڭ، رەھبەرلىرىڭنى بارلىق ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشۇڭ، دەۋاغا يامان تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھېچبىر ئىشقا ئۆز بېشىڭچە قەدەم باسماسلىقىڭ، پەقەت رەھبەرلىرىڭنىڭ ئىجازىتى بىلەن قەدەم بېسىشىڭ، روھىي جەھەتتىن بۇ دەۋاغا ھەمىشە باغلىنىپ تۇرۇشۇڭ،

ئۆزەڭنى ھەمىشە ئالدىنقى سەپتە بۇيرۇق ساقلاپ تۇرىۋاتقان بىر ئەسكەر دەپ بىلىشىڭ كېرەك.

***

# روھىي باغلىنىش رىشتىسى

مۇسۇلمان قېرىنداش مۇنۇ ئايەتنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش بىلەن ئوقۇيدۇ: ﴿**قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ تُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَنْ تَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ**﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى الله! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى ياللىغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانلىق بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن»﴾[1].

ئاندىن ئۇ ئۆزى تونۇغان قېرىنداشلىرىنىڭ چىرايىنى زېھنىگە كەلتۈرىدۇ، تونۇمىغان قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆزى ئارىسىدا روھىي باغلىنىش رىشتىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۈچۈن مۇنۇ دۇئاغا ئوخشاش دۇئالارنى قىلىدۇ: «ئى الله! سەن بۇ دىللارنىڭ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 26 – ۋە 27 – ئايەتلەر.

سىنىڭ مۇھەببىتىڭ ئۈستىدە جەم بولغانلىقىنى، سىنىڭ تائىتىڭ ئۈستىدە ئۇچراشقانلىقىنى، دەۋىتىڭ ئۈستىدە بىرلەشكەنلىكىنى، شەرىئىتىڭگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ۋەدىلەشكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپسەن. ئى الله! ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتكىن، بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى داۋام قىلدۇرغىن، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگىن، ئۇلارنىڭ يوللىرىنى سىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان نۇرۇڭ بىلەن تولدۇرغىن، دىللىرىنى ساڭا بولغان ئىمانىنىڭ بەرىكىتى ۋە تەۋەككۈلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن يورۇتقىن، قەلبلىرىنى ئۆزەڭنى تونۇتۇش بىلەن جانلاندۇرغىن، جانلىرىنى سىنىڭ يولۇڭدا شېھىد قىلىش بىلەن ئالغىن. شەك — شۈبھىسىزكى، سەن ئېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، ئېمىدېگەن ياخشى ياردەمچىسەن. ئى الله! دۇئالىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن! ئى الله! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت، مەغپىرەت، سالام يوللىغىن!